# شىنجاڭ ئاياللىرى

新疆妇女

1998.11

XINJIANG WOMEN



● شىجائەتتىن چاقنىغان ئىزلار

● ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە

● مېڭىنى كۆپ ئىشلىتىش ئورۇقلاشقا پايدىلىق

# رىزۋان ئەبەينىڭ خىزمەت ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر















# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

رېداكسىيە باشلىقى: جەمىلە ھەسەن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇندۇز مۇھەممەد


## مۇندەرىجە


شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى.......... 2

ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشنە.......... 8

ئەر - خوتۇننىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشىنى نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ شەرتى قىلىۋېلىشقا بولامدۇ.......... 10

شىجائەتتىن چاقنىغان ئىزلار.......... 11

يەسلى مۇئەللىملىرى بالىلارنى تەربىيىلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە.......... 17

ئەقلىي ئىقتىدارى ئارقىدا قالغان بالىلارنى تەربىيىلەش ھەققىدە.......... 19

باھار چېچەكلىرى.......... 22

ئاياللار خىزمىتىدىن ئۈچۈرلار.......... 24

«قانداق بولار؟!» (ھېكايە).......... 26

ۋەسىيەتنامە (ھېكايە).......... 29

قېينانا ۋە كېلىن.......... 30

مىنىستىر گۈلدان بولۇشنى خالىمايدۇ.......... 32

نىكاھلىنىش ئالدىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنىڭ ئەۋلادلار سۈپىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.......... 38

جورىڭىزنىڭ دوستلىرىنى كۈتكەندە.......... 40

ئائىلە تۇرمۇشىدا مۇھەببەت مۇھىممۇ ياكى مەسئۇلىيەت.......... 41

سۇنئۇقنى ئائىلىدە كۈتۈش توغرىسىدا.......... 42

مېڭىنى كۆپ ئىشلىتىش ئۇزۇن ياشاشقا پايدىلىق.......... 42

ئەرلەرنىڭ چوڭ مېڭىسى ئاياللارنىڭكىدىن بۇرۇن يىگىلەيدۇ.......... 43

مېڭە تىقىلمىسى ۋە يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى نېمە ئۈچۈن سەھەردە يۈز بېرىدۇ.......... 43

تۇز ئىشلىتىشتىكى ئادەتتىي ساۋاتلار.......... 44

سالامەتلىككە پايدىلىق ناچار ئادەتلەر.......... 45

تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا.......... 45

قانداق قىلغاندا ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئەسلىدىكى گۈزەللىكنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.......... 46

ھەيز مەزگىلىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......... 47

ئېلان ۋە ئۇچۇر.......... 48



مۇقاۋىدا: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى رىزۋان ئەبەي

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: پەيزاۋات قوغۇنى ئامىنە ئۇلاتايىۋا فوتوسى

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 21 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى زور ئىش. بىز بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېخىمۇ يۈكسىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچەرگەندە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولدى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا بەش يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ خىزمەتلىرى، شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى. بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئاياللار خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك باشلاپ كىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

ئۆتكەنكى بەش يىل، شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى يېتەكلىگەن نىشاننى بويلاپ زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن بەش يىل بولدى. بۇ بەش يىلدا شىنجاڭ ئاياللىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىپ، غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ جەرياندا ئاياللار ئاممىسى ئىچىدىن نەمۇنىچىلار ۋە مەشھۇر ئىختىساس ئىگىلىرى تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، مۇستەقىل ئىش قىلىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى مەھكەم چۆرىدەپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئەتراپلىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللارنى «سىياسىنى ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش»، «ئىتتىپاقلىقتا، نەتىجىدە، تۆھپىدە بەسلىشىش»، «ئاياللار نەتىجە يارىتىش»، «بەشتە ياخشى مەدەنىيلىك ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. ھەر ساھە ئاياللىرى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس رول ئوينىدى. ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن قاتارلىق ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇش كۈرىشىدە گەۋدىلىك رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاياللار شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش كۈرىشىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچان، قەيسىرانە روھىنى جارى قىلدۇردى. ئىتتىپاقلىقنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىلدۇرۇپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى

ئىسپاتلىدىكى، زامانىمىزدىكى شىنجاڭ ئاياللىرى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرىدىغان ئۇلۇغ كۈچ بولۇشقا مۇناسىپ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەزەلدىن شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ مۇھىم رولىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، ئاياللار خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى قانات يايدۇرغان ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرگە ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە قوللىدى. ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ مۇساپىدە پارتىيە ۋە خەلق جۇڭگو ئاياللىرىغا سەممىي ئۈمىد بېغىشلىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ نۆۋەت شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، كادىرلار قوشۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدە شىنجاڭنىڭ گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىنى سۈرەتلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى كۆرسىتىپ بەردى. ئىشىنىمىزكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سەممىي تىلىكىنى بەردە قويماي، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش قىلىش روھى بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يېڭى تۆھپە قوشالايدۇ.

يېڭى تۆھپە يارىتىشتا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز يەنىلا جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش دەۋرىدە تۇرماقتا. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا تۈرلۈك خىرىس ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. «جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەندە، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ». جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلىغان جۇڭگو ئاياللىرى جۈملىدىن شىنجاڭ ئاياللىرى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلمەس - سۇنماس جاسارىتى ۋە قەيسەر ئىرادىسى ئارقىلىق، قىيىنچىلىققا باتۇرلارچە تاقابىل تۇرۇش، خىرىسنى كۈتۈۋېلىش يولىدا خىزمەت كۆرسىتىشى كېرەك.

يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتا، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، قەيسەرلىك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇش لازىم. يېڭىلىق يارىتىش بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ موھتاج. ئاياللار ئاممىسىنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، پاتال يول ئېچىپ ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن ئەمەلىي ئىشلەش پوزىتسىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەسىنى ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا قارىتىپ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم. يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ماھارەتنى ئىگىلەش لازىم. بۈگۈنكى دۇنيادا پەن - تېخنىكا كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىي زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ جانلىق، ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. ئاياللار ئاممىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم. پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈشى، رىقابەتكە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىپ، تېخىمۇ زور رول ئوينىشى لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاياللار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشتە ئۇلۇغ رولغا ئىگە. ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش، ئاياللارنى قوغداش ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. مەدەنىيلىك جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك قانۇن، قائىدە ۋە ئەخلاق - پەزىلەت. ھازىر بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا، ئاياللارغا سەل قارايدىغان، ئۇلارنى كەمسىتىدىغان، ھەتتا ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھادىسىلەر ھېلىمۇ ساقلانماقتا. پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر

ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەك قوللاپ، ئاياللار ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۇردە قوغداپ، ئاياللارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم».

يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەۋاتقان مۇساپىدە، ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك شىنجاڭ ئاياللىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك باشلاپ كىرىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم شانلىق سەھىپە يارىتايلى.

* * * *

جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن كەلگەن ئايال ۋەكىللەر دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، يولداش گۇشيۇلەننىڭ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 7 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى»غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. سايلام ئارقىلىق مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

جۇڭگو ئاياللىرى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 1200 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 100 نەپەر، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 25 نەپەر.

بۇ نۆۋەتتىكى ۋەكىللەر كەڭ كۆلەملىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. مەدەنىيەت ساپاسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن بىر قەدەر يۇقىرى، ياش قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر قايسى جايلار، تارماقلار، مىللەتلەر ۋە ھەر قايسى سەپلەردىكى رەھبىرىي ئايانچىلار ۋە ئىلغارلاردىن تەركىب تاپقان.

ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرى 226 نەپەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن سايلانغىنى تۆت نەپەر. دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى 45 نەپەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن يولداش رىزۋان ئەبەي دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

بۇ نۆۋەت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئورگىنىدىكى رەھبەرلەر: پەخرىي رەئىس چېن مۇخۇا، رەئىس پېڭ پېييۈن. مۇئاۋىن رەئىسلەر: گۇشيۇلەن، باساڭ، شېن شۇچى، كوڭ لىڭبېر، شېي لىجۈن، چېن يى، ۋېي يۈ، لىيۇ خېيرۇڭ، پېڭ گاڭ، لىيۇياجى، تيەن شيۇلەن، خۇافۇجۇلاردىن ئىبارەت. يىغىندا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 8 - نۆۋەتلىك شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرى: بىرىنچى شۇجى گۇشيۇلەن. شۇجىلىرى: شېن شۇچى، لىيۇخېيرۇڭ، تيەن شۇلەن، خۇافۇجۇ، فېڭ شۇي، مۇۋىنشيۇ، لى چيۇ فاڭلاردىن ئىبارەت.

* * * *

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 21 - ئۆكتەبىردىن 23 - ئۆكتەبىرگىچە ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن كەلگەن ئايال ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، يولداش رىزۋان ئەبەينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 7 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. دېموكراتىيىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش، قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى جەمئىي 400 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 30 نەپەر. ۋەكىللەر كەڭ كۆلەملىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن بىر قەدەر يۇقىرى، ياش قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئىلغارلىرى ۋە ئايانچ كۈچلىرىدىن

تەركىب تاپقان.

بۇ قېتىمقى سايلامدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرى 55 نەپەر.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا يولداش رىزۋان ئەبەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قۇرۇلتاي بولدى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى بىز ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىغا يېڭى كۈچ، يېڭى ئۈمىد بەخش ئەتتى.

* * * *

پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان شانلىق مۆجىزە، ئاجايىپ زور دەۋر بۆلگۈچ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن 20 ـ ئەسىرنى ئۇزىتىپ، تولۇپ تاشقان جاسارەت ۋە غايەت زور ئۈمىد ئىشەنچ بىلەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان ئۇلۇغ تارىخىي پۇرسەت، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى غالىبلىق ئاتا قىلدى. بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭىدىن قەددىنى كۆتۈرۈپ، چۈمپەردە ئىچىدىن چىقىپ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا باشلىغان شىنجاڭ ئاياللىرى يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىدا نۇرغۇن تاۋلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، جەڭگىۋار كۈرەشلەر قوينىدا پىشىپ يېتىلىپ، مۆلچەرلىگۈسىز غايەت زور نەتىجىلىرى بىلەن 21 ـ ئەسىر بوسۇغىسىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ زەپەر كۈيىنى ياڭراتتى.

بىز مۇشۇ زەپەر مارشى ساداسى ئىچىدە قولىمىزنى كۆكسىمىزگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن بوشاشماستىن كۈرەش قىلغان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان پېشىۋالىرىمىزغا ئالىي ئېھتىرام يوللايمىز ھەم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان يەتتە قېتىملىق شىنجاڭ ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنى سەمىمىي ئىخلاسىمىز بىلەن ئەسلەپ ئۆتىمىز.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ قۇرۇلتىيى 1951 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى:

1. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاياللار خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، ۋەزىپىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش ھەمدە بۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت چارىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش؛

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش؛

3. شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنى رەسمىي قۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش؛

شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **ياۋۋېن**

مۇئاۋىن مۇدىرلار: رەشىدە (تاتار)، سەلىمە تالىپ (ئۇيغۇر)، پاتىمە نەكەنبايېۋا (قازاق)، ماھىنۇر قاسىم (ئۇيغۇر)، ۋاڭ يۈيمىڭ (خۇيزۇ)، ئايىم ئەزىزى (ئۇيغۇر).

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بىرلەشمىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىك خوتۇن ـ قىزلار بىرلەشمىسى» دەپ ئۆزگەرتىلدى ۋە مەملىكەتلىك خوتۇن ـ قىزلار بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەزالىقىغا قوشۇلدى، شۇنداقلا مەملىكەتلىك خوتۇن ـ قىزلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى:

بەش يىلدىن بۇيانقى ئاياللار خىزمىتىنى يەكۈنلەش ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاياللار خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەش؛ ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار ئاممىسى ۋە ئاياللار خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى 2 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **ماھىنۇر قاسىم**



مۇئاۋىن مۇدىر: لۇمىڭ، ئايىم ئەزىزى، ۋاڭ بۈيىڭ، پاتىمە جاكۇلىن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1973 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى:

ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لىن بياۋنى پىپەن قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى توغرىسىدىكى قىسمەن باياناتلىرىنى ئۆگىنىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1973)23 - نومۇرلۇق ھۆججىتى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، لىن بياۋنىڭ ئاياللار خىزمىتى جەھەتتە تارقاتقان ئەكسىلئىنقىلابىي سەپسەتىلىرى ۋە ئاياللار ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتلىرىنى پىپەن قىلىپ، ئاياللار خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش؛ ئاياللار خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسىي جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلىش، ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئىزباسارلىرى توغرىسىدىكى بەش شەرت بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقىش.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **ئايىم ئەزىزى**



مۇئاۋىن مۇدىرلار: لۇمىڭ، كامالخان، خاڭ جىنسى، ئانارخان، بولغا، شاۋشەنخۋا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1979 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى:

3 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛ ئاپتونوم رايونىمىز ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمەزگىللىك ئاياللار خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش؛ 4 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقىش.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **ماھنۇر قاسىم**



مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇداۋ، جاڭ جىنلىك، ۋاڭ جۇنشەن، شىن يۇخۇا، پاتىمە جاكۇلىن (قازاق)، روشەن شېرىپ، سۇڭ يۇجى، بولغا (موڭغۇل).

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى:

1. 4 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛

2. مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاش؛

3. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقىش.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **ماھنۇر قاسىم.**

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۇڭ يۇجى، لى گو، روشەن شېرىپ، پاتىمە جاكۇلىن، كى لىبى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنى ۋە 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش؛ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى بېكىتىش؛ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار:

مۇدىر: **خەلچەم ئىسلام.**



مۇئاۋىن مۇدىرلار: جۇخۇيتەن (خەنزۇ)، روشەن شېرىپ، لى گو (خەنزۇ)، كى لىبى (خۇيزۇ)، سەدەپقان سەكىنتاي (قازاق)، ھەلىمە ئابدۇللا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1993 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش؛ مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا خىزمەت كۆرسىتىش، 4 ـ قېتىملىق دۇنيا ئاياللىرى يىغىنىنىڭ جۇڭگودا ئېچىلىشىنى يېڭى تۆھپىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا خەلچەم ئىسلام رەئىس، چىن شۇيچىڭ، جىڭ خەييەن، سەدەپقان سەكىنتاي، ھەلىمە ئابدۇللالار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

شان ـ شەرەپ جۇڭگو ئاياللىرىغا مەنسۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان زامانىمىزدىكى ئايال ئەزىمەتلەرگە مەنسۇپ!

**جەمىلە ھەسەن**

مۇھەررىرى: **قۇندۇز مۇھەممەد**

# ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە

ئاتىكەم ھەسەن

بۈگۈنكى كۈندە زەھەرلىك چېكىملىك ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىپ، تېمەن ئەمگەك كۈچلىرىنى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەھدىت سالىدىغان، دۆلەت چېگرىسى بولمىغان بىر بالايىئاپەت بولۇپ قالدى. بۇ بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ نادانلىققا ئوت ئېچىپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى بىلىشىگە باغلىق. خەلقىمىز تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىلگەن زەھەرلىك چېكىملىك 90 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەر توغرىسىدىكى بىلىملەردىن خەۋەرسىز ئامما ئارىسىغا يامراشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زەھەر چەكلەش كۈرىشىنى مەدەنىيلىك بولۇش، يېڭى ئوبراز تىكلەش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە سىجىل ئېلىپ بېرىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاپەت ئىكەنلىكى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش، ساقلىنىش، رەت قىلىش ھەققىدىكى تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش يەنىلا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولماقتا.

شەھىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنىنى بىلمەيدىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر، چۆنتىكى ئەمدىلا پۇلغا توشقان ياش بايۋەتچىلەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر، ئاتالمىش «يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر»، ئائىلىسىدىن قېچىپ چىققان ئۆي ـ ماكانسىزلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى 20 ـ 30 ياش ئەتراپىدا بولسا، كىچىكلىرى ئەمدىلا 10 ياش. بۇلار ئەيدىز كېسەللىكى، سۆزنەك، ھەر خىل يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملانغان. زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر تولىمۇ قىممەت بولغان زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، دوست ـ ئاغىنىلىرىنى ئالدىغان. ھېلىسى ئاقمىغاندا بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ئائىلىسىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ ئىجتىمائىي خاتىرجەملىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان.

چېكەرمەنلەرنىڭ ھەر قانداقى ئالدامچى كېلىدۇ. يېقىندا ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دېلو ۋە قانۇن» پروگراممىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە كۆرسىتىلدى: تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ باي بولغان بىر ياش، چېكەرمەن تونۇشىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن «بىرلا قېتىم چېكىپ بېقىش»تىن باشلاپ، زەھەرلىك چېكىملىككە تەدرىجىي خۇمار بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇلنى بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي خەجلەپ بولۇپ، پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپ، ئائىلىسىدە تۈت تامدىن باشقا نەرسە قالمىغاندىن كېيىن ئالدامچىلىقنى باشلىغان. ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى «ئىچىدىن سىرتىغا» بولۇپ، ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاندىن ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى، ئەڭ ئاخىرىدا يېقىن دوستلىرىنى، قوشنىلىرىنى ئالدىغان. ئۇلارنىڭ پۇلنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان.

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ ھەر قانداقى ئوغرى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئالدام خالتىغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئوغرىلىقنى باشلايدۇ. بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر ياش يېقىندا خروئىن ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئائىلىسىدىكى

پۇلىغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى، ئاندىن ئەرزىمەس ئائىلە مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلىغان. ئەڭ ئاخىرىدا، ئاتا - ئانىسى تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرگەن كۆللەرنى، ھەتتا چوڭ ئاپىسىنىڭ قاشلىغۇچىنىمۇ ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنى سېزىلىپ قېلىپ، ئوغرىلىق قىلىشى چەكلەنگەندىن كېيىن بۇلاڭچىلىقنى باشلىغان ھەمدە يېقىندا بىر بولاق خروئىن ۋە يولۇچىدىن بۇلانغان 3000 يۈەن قاچىلانغان سومكا بىلەن قولغا ئېلىنغان.

ئاڭلىشىمچە، شەھىرىمىزدىكى بىر داڭلىق زىننەتلەش ماتېرىياللىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۆي زىننەتلەش قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، قولى ئاستىدا بەش - ئالتە ياللىنىپ ئىشلىگۈچىسى بار، ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن ئۆي زىننەتلەش ئۇستىسى بولۇپ تونۇلۇپ، روناق تېپىپ خېلى داڭلىق بىر بايغا ئايلانغان. ئەمما ئۇ بېيىغانسېرى تۇرمۇشنى مەنىسىز ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەلۇم زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكتىن ساقلىنىش ۋە رەت قىلىش ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا باشتا قىزىقىپ «بىرلا قېتىم چېكىپ بېقىش»تىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قېلىپ، چوڭقۇر ھاڭغا سىرىلىشقا باشلىغان. كېيىنچە ئۇ زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ خۇمارىنى باسالماي بەدىنىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكىر قىلىشى قالايمىقانلىشىپ، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئەمگەك ئىقتىدارى يوقالغان. سودىسى سۇسلىشىپ، خېرىدارلىرى قېچىشقا باشلىغان. شۇڭا ئۇ ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا بىر مىليون يۈەنلىكتىن ئارتۇق مۈلكىنى تۈگىتىپ ئايلاندۇرغاندىن سىرت، يېقىندا يەنە بىر بولاق خروئىن ۋە ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن قانۇن تورىغا چۈشكەن. سوراق جەريانىدا ئۇ بۇ يىل 4 - ئايدىن بۇيان، ئائىلىلىكلەر تۇرالغۇ رايونلىرىدىن تۆت موتسىكلىت ئوغرىلاپ، ئۇنىڭ پۇلىغا خروئىن ئېلىپ چەككەنلىكىگە ئىقرار بولغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بولغان بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، مەكتەپكە كىرگەن بولسىمۇ ئوقۇماي، خىزمىتى كۆلدەك ھۈنىرى بولسىمۇ ئىشلىمەي، ئائىلىسى بولسىمۇ قايتىماي، ئۆزىگىمۇ، ئائىلىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ زىيان سالغان. شۇڭا پۈتكۈل جەمئىيەت زەھەر چەكلەش خىزمىتىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئائىلىدە ئاتا - ئانىلار، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارغا ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلاپ زەھەر ھەققىدىكى بىلىملەرنى ۋە ئۇنىڭ زور زىيىنىنى سۆزلەش، چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ زەھەرنى رەت قىلىش، چەكلەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ ھەقتىكى خىزمەتنى كونكرېتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ياخشى ئىشلەپ، يەنە بىر مەيدان زەھەرگە قارشى زور كۆلەملىك خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى زۆرۈر. بۇ خىزمەتنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن باشلىشى، بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ چامى يەتكۈچە خىزمەت ئىشلىشى، بۇ ئارقىلىق چەكلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىشى لازىم.

بىزنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىمىزنىڭ ئۆزى نۇرغۇن بەدەل ھېسابىغا بولغان. ھايات قىممەتلىك، ئۇنى قەدىرلەش، ئەمەلىي ئىش - پائالىيەتلەر بىلەن قىسقا ھاياتنى بېزەش كېرەك.

بىز چىقىش يولىنى، ئىچ پۇشۇقنى، ھېسسىيات كەمتۈكلۈكىنى باشقا يوللاردىن چىقىرىشنى بىلىشىمىز، ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلمەسلىكىمىز، بۇ ئىشنىڭ ئۆز - ئۆزىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، خانىۋەيرانچىلىققا باشلاش ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

ياش دوستلار، ياشلىق ھاياتىڭلارنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پەن - تېخنىكىنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، يېڭى - يېڭى قىممەت يارىتىشىڭلارغا تىلەكداشمىز.

مۇھەررىرى: **قۇندۇز مۇھەممەد**

# ئەر - خوتۇننىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشىنى نىكاھتىن ئاجرىتىشنىڭ شەرتى قىلىۋېلىشقا بولامدۇ

ئالىم قادىر

ئەسقەر بىلەن گۈلنۇر كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلار بولۇپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. 1994 - يىلى 2 - ئايدا ئۇلار ئىككىسى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورگىنىغا بىللە بېرىپ توي خېتى ئېلىپ قانۇنلۇق ئەر - خوتۇنلاردىن بولغانىدى. 1994 - يىلى 8 - ئايدا ئەسقەر تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن باشقا بىر ئورۇنغا خىزمەتكە چۈشىدۇ ۋە شۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلىنىڭ يالغۇز قىزى X X بىلەن تونۇشۇپ، ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. 1997 - يىلى 11 - ئايدا ئەسقەر، مېنىڭ گۈلنۇر بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى، ئارىمىزدا مۇھەببەت قالمىدى، ئەر - ئاياللىق مەجبۇرىيەتنىمۇ ئادا قىلمىدۇق، دەپ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى سوتقا گۈلنۇر بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىلىق ئەرز قىلغان. ئۇنداقتا سوت ئەسقەرنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلامدۇ؟ قانۇندا بۇ ھەقتە قانداق بەلگىلىمە بار؟

X X دىن گۈلشەن

جاۋاب: بۇ سوئالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئەمەلىيەتتە ئەر - خوتۇننىڭ ئايرىلىپ تۇرغانلىقىنى نىكاھتىن ئاجرىتىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت. نۆۋەتتە بۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنى ھەل قىلىشقا قارىتا ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك قاراش مەۋجۇت.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتا ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببىتىنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇلغان - بۇزۇلمىغانلىقىغا قاراش، ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئاساسى، نىكاھلانغاندىن كېيىنكى كۆڭلى، نىكاھتىن ئاجرىشىش سەۋەبى، ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ھالىتى ۋە يارىشىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار - يوقلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك. ئەر - خوتۇننىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى پەقەت ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى بۇزۇلغانلىقىنىڭ بىر تەرىپىلا بولۇپ، ئۇنى نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ماھىيەتلىك شەرتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئايرىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا شەرتكە قاراپ ئەر - خوتۇننىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىنى بەلگىلەشكە بولمايدۇ، دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئايرىلىپ تۇرۇش ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببىتى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى ۋە بەلگىسى. شۇڭا نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى ھەل قىلغاندا ئەر - خوتۇننىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشىنى بىر تۈرلۈك ئەڭ تولۇق ۋە زۆرۈر شەرت قاتارىدا ئويلىشىش كېرەك، دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1989 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى ھەل قىلغاندا ئەر - خوتۇننىڭ ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى قانداق بېكىتىشكە ئائىت بىر قانچە كونكرېت پىكرى» نىڭ 7 - ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ «چىقىشالمىغانلىقتىن بىرگە ئۆتمىگىنىگە ئۈچ يىل بولۇپ، ھەقىقەتەن يارىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىنمۇ بىر يىلغىچە بىرگە ئۆتمەي ئۆزئارا ئەر - خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان، بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشتا قەتئىي بولۇپ مۇرەسسە ئارقىلىقمۇ ئۈنۈمى بولمىغان بولسا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا مېنىڭچە ئەر - خوتۇننىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى يالغۇز ئايرىلىپ تۇرۇشقىلا باغلاپ قويماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق ۋاقىت چېكىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراش، مۇبادا ئۆزئارا مۇھەببەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق سەۋەب بولمىسا، ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئىككى تەرەپ يەنىلا ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرمەي، ئەر - خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، بۇنداقلارنى ئەڭ ياخشىسى ئاجراشتۇرۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى زورمۇ زور ساقلاپ قېلىنغان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ھەر ئىككىلا تەرەپكە تېخىمۇ زور ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئەھۋالدا بىر تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەيدانى مۇستەھكەم ۋە قەتئىي بولۇپ، كۆپ قېتىم مۇرەسسە ئارقىلىقمۇ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن بولسا ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈم ئارقىلىق ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىش كېرەك. ئەمما كونكرېت بىر تەرەپ قىلغاندا خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن تەرەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلسە بولىدۇ.

مۇھەررىرى: گۈلباھار ناسىر

# شىجائەتتىن چاقنىغان ئىزلار

گۈلباھار ناسىر



1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى كۆز قويلىشىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن ھالدا بۇغدا ئىتىكىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. كوچا - كويلاردىكى سارغىيىشقا باشلىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى، قىشنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەردەك ئۇتقاس كەبى جۇلالىنىپ ئېچىلىپ كەتكەن خىلمۇ خىل گۈللەر، بۇ زامانىۋى شەھەرگە ئۆزگىچە سىن كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىنىڭ ئالدى ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن، 13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان ھەر ساھە، ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل ياشتىكى ئاياللار - ئىچىدىن شادلانغان بولۇپ روھلۇق، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن زال ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر بىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ يارىشىملىق مىللىي پاسوندىكى كىيىملىرىنى كىيگەچكە، ئۇلار يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا بىر توپ رەڭدار كېپىنەكلەردەك ياكى چىمەنزاردا ئېچىلىپ تۇرغان ھەر خىل گۈللەردەك كۆرۈنەتتى.

بۈگۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. ھەممەيلەن زال ئىچىگە كىرىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. قۇرۇلتاينىڭ كۇنتەرتىپى بويىچە يىغىن ئىجرائىيە رەئىسى مىكروفون ئالدىغا كېلىپ: «ھازىر قۇرۇلتايدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى بولداشلارنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىندۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىزۋان ئەبەي...» دېيىشكە تىمتاس تۇرغان زال ئىچىدىن بىردىنلا دېڭىز شاۋقۇنىدەك كۈچلۈك ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئىسمى ئوقۇلغانلار رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ماھنۇر قاسىم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلىچەم ئىسلام قاتارلىق ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پېشقەدەم ئاياللار خىزمىتى پېشۋالىرى رەئىس سەھنىسى ئالدىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تەبرىكلىدى. سەھنىدە تۇرغان، يارىشىملىق كۆل رەڭ كاستيۇم - يوپكا ئىچىگە قىزىل كوپتا كىيىپ، قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا چىرايلىق تۈرمەكلىۋالغان، تولغان بەستىدىن، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر تۈرلۈك قەتئىيلىك، شىجائەت ۋە ئىشەنچ نۇرلىرى چىقىپ تۇرىدىغان رىزۋان ئەبەي تۆۋەندە ئولتۇرغان ھەر مىللەت ئاياللىرىغا قارىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ قەلبى ھاياجاندىن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرماقتا، پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە بولغان مىننەتدارلىق تۇيغۇسى يۈرىكىدە قىيانىدەك تاشماقتا ئىدى. بىردىن ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىنى بىر قەۋەت ياش پەردىسى توسۇۋېلىپ ئالدىدىكى ھەممە نەرسە غۇۋالاشتى. خىيال قۇشى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى - بورتالا ئوبلاستىنىڭ جىڭ ناھىيىسى تامان ئۇچتى.

• • •

1973 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغان ئۇكغۇل - دوكغۇل يېزا يولىدا 18 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، زىلۋا كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزلىرى يۇمىلاققىنە بىر قىز ۋېلسىپىت پېدالىنى كۈچەپ تېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پات - پات تەردىن نەملىشىپ كەتكەن ماڭلاي چاچلىرىنى ئارقىغا قايرىغاچ پېشانە تەرلىرىنى ئېرتاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ قويۇق كىرپىكلەر ھىمايىسىدىكى قاپقارا كۆزلىرىنى، چۆچۈپ كەتكەن كېيىكنىڭ كۆزلىرىدەك قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئېتىزلارغا، يىراقتىكى دالىغا ئەنسىزلىك بىلەن يۈگۈرتەتتى. «ئىست، ئۆيدە بىر ئاز ئارتۇق

تۇرۇۋالاي دېگۇچە بالدۇرراق ماڭسامۇ بوپتىكەن، قاراڭغۇغا قالسام ئادەمسىز يولدا قورقىدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ ...» ئۇ شۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە پىدالنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپىشكە باشلىدى.

ئەنە، پاكار سوقما تاملىق مەكتەپ قورۇسى كۆرۈندى. مەكتەپكە قارىغاچ مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدىغان خەنزۇ بوۋاينىڭ ئۆيىدىكى غۇۋا يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ يورۇقىنى كۆرگەن رىزۋانگۈلنىڭ بايىقى قورقۇنچلىرى بىر ئاز پەسىيىپ، ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئاچقۇچىنى چىقاردى.

كىرىسىن چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ تورۇسقا قاراپ ياتقان رىزۋانگۈلنى بىردىنلا يەنە غېرىبلىق باستى. ناھىيە ئىچىدىكى ئىللىق، پاكىز ئۆيى، ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتسا شادلىقتىن پۇتلىرىغا يامىشىپ، چۇۋۇرلىشىپ كېتىدىغان ئوكىلىرى، ئانىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ياتقىنىدا بىچارە ئانىنىڭ قىزىنىڭ قاپارغان قوللىرى، پاشا چېقىپ زېدە قىلىۋەتكەن يۇمران ئەتلىرىنى سىلاپ، كۆز ياشلىرىنى تۆيدۇرماستىن يىغى بىلەن ئېرتىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بوغۇزى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى. ئەمما تۇرۇپلا يەنە دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، يارامىلىق ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ بەرگەن تەربىيىلىرى، كۈندۈزدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شادلىققا تولغان ئاۋازلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولۇپ، شاققىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، موگتەن دادۇينىڭ ئادەمگە بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيدىغان بىزەڭ پاشىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىراغنى ئۆچۈرۈپ، يوتقانغا مەھكەم پۈركىنىپ يېتىپ ئەتىكى ئىشلىرى ھەققىدە خىيالغا كەتتى.

1973 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ تاگنۇر دادۇيىگە قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن رىزۋان ئەبەي شۇ دادۇيدە يېرىم يىل چېنىققاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىدىن 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موگتەن دادۇي باشلانغۇچ مەكتىپىگە رەسمىي شتاتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەندە مەكتەپتە خەنزۇ، قازاق خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىر نەچچىسى بولۇپ، بىرمۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ مەكتەپنىڭ شارائىتىمۇ بەكلا ناچار ئىدى. باللار سىنىپقا كىرگەن بىلەن يەردە ئولتۇرۇپ خەت يازاتتى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ دادۇيدە خەنزۇ، قازاق ئاھالىلىرىدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئاھالىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بالا تىزىملاشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ بىر سىنىپلىق 30 نەچچە بالا يىغىلىپ، تۇنجى قارار مىللىي تىل - يېزىقتىكى سىنىپنىڭ دەرسى باشلاندى.

كىچىككىدىنلا قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ئەمەلىي ئىشلەشكە ئادەتلەنگەن رىزۋانگۈل ئەمدىكى نىشانىنى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەكتەپنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشقا قاراتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئەڭ ئاۋۋال پارتا - ئورۇندۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى. ئۇ چاغلاردا كىممۇ ئۇلارغا مەبلەغ ياكى ياغاچ ھەل قىلىپ بەرسۇن. شۇڭا ئىككى بىلەكنىڭ كۈچى بىلەن مەكتەپ ئەتراپىدا بىكار ياتقان سېغىز تۇپىغا تايىنىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال كېسەك قۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن سىنىپ ئىچىگە ئىككى رەت قىلىپ كېسەكتىن پارتا - ئورۇندۇق ياسىدى. ھەر بىر قاتاردا ئىككى تال كېسەك ئورۇندۇق بولاتتى، ئالدىدا كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستىگە باللار ئۆيلىرىدىن تېپىپ ئەكەلگەن تاختاي تۆپتۆز ياتقۇزۇلۇپ ياسالغان بىر دانە پارتا بولاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتا - ئورۇندۇق مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. بىر يىل ئىچىدىلا دادۇي تەۋەسىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتتى. ئۇنىڭ يۇقىرى تەشكىللەش ئىقتىدارى، دادىل، ئەمەلىي، قول سېلىپ ئىشلەش روھىغا قايىل بولغان مائارىپ تارماقلىرى 1974 - يىلى، تېخى 19 ياشقىمۇ كىرمىگەن رىزۋانگۈلنى مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى.

«ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەندەك بۇ كىچىككىنە مۇدىر «ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئىشلەپ» يۈرۈپ، مەكتەپنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە خېلى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى. مەكتەپ ئەتراپىغا كۆچەت قويۇلۇپ ئورمان بازىسى بەرپا قىلىندى. ئەتراپتىن يەر ئېلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەكتەپكە كېتەرلىك خىراجەت ھەل قىلىندى. بارا - بارا بۇ مەكتەپ 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلاندى. رىزۋانگۈلمۇ 1976-يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

1976 - يىلى 1 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۈركۈم ياش، قابىلىيەتلىك، ئالغا ئىلگىرىلەش، بۆسۈپ ئۆتۈش روھىغا ئىگە كادىرلارنى تاللاپ، ئىنتىپاق گۈڭشې بىدشاڭ كەنتىگە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەندە، رىزۋان ئەبەيمۇ شۇ خىزمەت ئەترىتىدە، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بەش ئاي تۇرغاندىن كېيىن، 1976 - يىلى 6 - ئايدا

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىنىپ، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

ھايات - مەسئۇلىيەتسىز، بىپەرۋا كىشىلەرگە نىسبەتەن خۇددى كۈن چىقىپ، كۈن پاتقاندەكلا ئاددىي. كىچىك بالىنىڭ ئويۇن ئوينىغىنىدەك ئاسان تويۇلىدۇ. شۇڭا ئۇلار سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرۈپ، ھەر قانداق يەردە جانىنى ئۇپراتماي ئاسانلا كۈن ئالىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ باسقان ئىزىدىن ھېچبىر نام - نىشان قالمايدۇ. يەنە شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشقا، باسقان ھەر بىر قەدىمىگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدۇ. قىلغان ئىشىنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدىمى تاش ئۈستىگە باسقان مۆھۈردەك چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. كىشىلەر ئۇنداقلارنى «يىقىلسا ئىزىدىن بىر سىقىم توپىنى يۇلۇپ قوپىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ. رىزۋان ئەبەي ئەنە شۇ خىل كىشىلەر جۈملىسىدىن ئىدى.

ئەمما ئۇ دەل ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەندە سەل تېگىرقاپ قالدى. ئۇ ئالدىنقى خىل تىپتىكى كىشىلەردىن بولغىنىدا ھېچنېمىدىن ۋايىم يېمەي سۇنىڭ ئېقىشىغا، كېمىنىڭ مېڭىشىغا قاراپ كېتىۋەرگەن بولاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭدا ئۆزى قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشقا نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. شۇڭا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئەھۋال ئىگىلەش، ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، خىزمەتلەر بىلەن تونۇشۇش قارارىغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆيدە بىكار قالسىلا ماتېرىيال كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان تەرىپىنى ئازراق بولسىمۇ تولۇقلاشقا تىرىشتى. دەل شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلار تەربىيىلەش سىنىپىغا بىر يېرىم يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ بىر يېرىم يىللىق ئوقۇش ئۇنى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى، خەنزۇ تىلى ۋە رەھبەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم 1978 - يىلى 1 - ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن قايتىپ كەلگەن رىزۋان ئەبەينى يەنىمۇ چېنىقتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ پۈتۈن ھالقىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخىيەنزى يېزىسىغا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

«بىلىم ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىنىدۇ» دېگەندەك، رىزۋان ئەبەي 1979 - يىلى 12 - ئايدا داخىيەنزى گوڭشېسىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالغاندا، 1976 - يىلدىكى «خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ - يوق» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان كىچىك قىزدىن، خېلىلا پىشقان، تەمكىن، بەلگىلىك رەھبەرلىك سەنئىتى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن، بولۇپمۇ ناھىيىنىڭ جان تومۇرى بولغان يېزا ئىگىلىكى خىزمىتىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالغان ياش ئايال كادىرغا ئايلانغانىدى.

ئاشۇ يىللاردا - تومۇرىدا قىززىق قانلىرى شۇۋۇلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان، ۋۇجۇدىدا ياشلىقنىڭ توسۇن ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدىغان ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىللاردا ئۇ جان - تېنى بىلەن خىزمەتكە بېرىلگەنىدى. ھارغان - ئاچقانىنى سەزمەيتتى. تارتقان رەنجى - مۇشەققىتى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. تومۇز ئىسسىقتا، قەھرىتان قىشتا، يامغۇر - يېشىندا، بوران - چاپقۇندا ۋېلىسىپىتىنى مىنىۋېلىپ، يېزىمۇ - يېزا، كەنتمۇ - كەنت ئايلىنىپ، ئېتىز قىرلىرىدا، خامان باشلىرىدا، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىدا دېھقانلار بىلەن بىرگە يۈرەتتى. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى ئەنە شۇنداق كۈنلەردە تۇغۇلدى. ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنىڭ بىر قابىل - شىجائەتلىك ئايال بولۇپ چىققانلىقىدىن سۆيۈنگەن ئېرى ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى. قىزىنىڭ خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدا ئاقىدىغان يارامىلىق رەھبىرىي كادىر بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى تەڭ كۆتۈرۈشتى.

ئۇ شۇ چاغدىكى ناھىيە خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى بولغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندىن باشقا يەنە ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ساھەلەردىن مائارىپ ئىشلىرى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەپمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى.

80 - يىللارنىڭ بېشىدا، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا مائارىپ ئىشلىرىدا پەيدا بولغان ۋەيرانچىلىقلارغا خاتىمە بېرىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يېزا، كەنتلەر تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ناھىيە ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى خىللاشتۇرۇش، يېزىلاردىكى

خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ ھەل قىلىشتىن تارتىپ، مەكتەپ ئورنى ئۈچۈن مۇۋاپىق يەر تاللاشقىچە، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ يۆتكەپ كېلىشتىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە، يېزا ـ كەنت مەكتەپلىرىدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شتات ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىغا شتات ھەل قىلىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، مائارىپ ئىشى ھەرگىزمۇ سەل قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە، قول ئۇچىدا ئىشلەشكە بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ياكى خارابلىشىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى.

رىزۋان ئەبەي ئەنە شۇنداق ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئىككى يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق خۇشال بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەكمۇ ئۆكۈنەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كېتىۋاتقانلارنى كۆرگىنىدە يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى بىر ئوتلۇق ئىستەك بىلەن ئۆرتىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئوبلاستقا بېرىپ بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى تىزىملاتتى ھەمدە 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى.

1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپلا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن رىزۋان ئەبەي، بۇ قېتىمقى يېڭى خىزمەتكە تەمتىرىمەيلا كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى نەچچە يىللاپ ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ يۈرۈپ توپلىغان مول تەجرىبىلىرى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئۇنى خېلى پىشقان بىر ئايال كادىر قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى.

رىزۋان ئەبەي ئىتتىپاق كومىتېتىدا ياشلار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، ئۆسمۈرلەر گېزىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

رىزۋان ئەبەي توغرىلىق سۆز بولۇنسىلا كىشىلەر ئۇنى «جىگەرى بار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قالتىس ئايال» دەپ تەرىپلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۇنى شۇنداق تەرىپلىشىگە دەل ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ھەر قانداق ئىش قىلسا قەتئىيلىك بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ بىر باشقا ئېلىپ چىقىدىغان، قورۇق گەپنى ئاز قىلىپ، قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان بوشاشماس روھى سەۋەب بولغان.

رىزۋان ئەبەي ياشلار بىرلەشمىسىگە رەئىس بولغاندا ياشلار ساياھەت ئىدارىسى تېخى قۇرۇلمىغان بولۇپ، پەقەت بىرلەشمە تەركىبىدە بىر تاشقى ئالاقە بۆلۈمىلا بار ئىدى. ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا بېرىپ ـ كېلىش جەريانىدا، مەملىكەتقازاقىستان تىلىك ياشلار بىرلەشمىسى باشقۇرۇشىدىكى ياشلار ساياھەت ئورنىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ۋە ياردىمىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ياشلار ساياھەت ئىدارىسىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىدارىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ئىدارە رىزۋان ئەبەيدەك بىر قابىل يېتەكچىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزغا خاس بولغان تاشقى ئالاقە خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا شىنجاڭدىكى 1 ـ دەرىجىلىك كارخانا قاتارىغا ئۆتتى.

ئۇ ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى كۆپ تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەردىكى ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ـ ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتتى. ياپونىيە، پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق جايلاردىكى ياش-ئۆسمۈرلەر بىلەن شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتتى. ئۇ جۇڭگو مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 7 ـ قېتىملىق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغاچقا، مۇشۇ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ خۇيۇندۇڭ ئەپەندىنىڭ شياڭگاڭدىكى ئوغلى خۇ جۇڭخۇەن، شياڭگاڭلىق چوڭ كارخانىچى ۋاڭ مىڭگاڭ ۋە باشقا يۈز ـ ئابرۇيلۇق زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالاقىلىشىپ ئۇلارنى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ يەنە ياشلار بىرلەشمىسى ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلىرىغا، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلارغا چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش،

ئاساسىي قاتلاملار ۋە ياشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش شارائىتى يارىتىپ بەردى.

رىزۋان ئەبەي شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، ئۆسمۈرلەر گېزىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، بۇ ئورۇنلاردىكى كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ نەشر قىلىنىشىغا، مەسئۇل خادىملارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى بىلەن كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشى، تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشى ئۈچۈنمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ خىزمىتىگە دەسلەپ مەسئۇل بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسى بىلەن بىرگە بولۇپ، ئادىمى كۆپ، خىزمەت دائىرىسى كەڭ، ئىشخانىلىرى ئاز ئەھۋالدا ئىدى. ئۇ بۇنداق چوڭ نەشرىيات ئورنىنىڭ چوقۇم بىر خىزمەت بىناسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، نەشرىيات باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كۆپ يول مېڭىپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ مەبلەغ ۋە يەر ھەل قىلدى. ھازىر ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ مۇستەقىل خىزمەت بىناسى ۋە ئائىلىلىكلەر بىناسى بار.

ئىتتىپاق كومىتېتىدا ئىككى قارار ۋەزىپە ئۆتىگەن توققۇز يىل مابەينىدە رىزۋان ئەبەي 100 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، شىنجاڭدىكى 86 ناھىيىنىڭ 72 سىگە بېرىپ ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلىرىنى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. شىنجاڭدىكى ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىگىلەپ، شۇ ھەقتىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدى.

1990 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە جياڭ زېمىن، لى پېڭ، سۇڭ پىڭ قاتارلىق دۆلەت باشلىقلىرى ھەر ساھە، ھەر مىللەتتىن بولغان ياشلارنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، رىزۋان ئەبەي ياشلارغا ۋەكىل بولۇپ سۆز قىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، چەت - يىراق، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەخسۇس پائالىيەت سورۇنى قۇرۇش ... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز قارىشىنى بايان قىلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، رىزۋان ئەبەي ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالاھىدە قوبۇل قىلدى ھەمدە: «شىنجاڭدا سىزدەك ياش، جۇشقۇن، قابىل كادىرلار بولغاندىكىن شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئۈمىد زور ئىكەن» دېدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1994 - يىلى 6 - ئايدا رىزۋان ئەبەينى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ھەيئىتى قىلىپ تەيىنلىدى. ستاتىستىكا ئىدارىسىگە دەسلەپ بارغاندا ئۇ بىر ئاز بېسىم ھېس قىلدى. چۈنكى بۇ ئىدارىنىڭ ۋەزىپىسى ھەر خىل سان - سىفىرلارنى ھۆكۈمەتكە توغرا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلىشىگە ئاساس سېلىپ بېرىش بولغاچقا كەسپچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىدى.

مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئالدىدا ھەر قانداق توسالغۇ ئۆز قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ. ستاتىستىكا ئىدارىسىگە كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىدارە ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق، ستاتىستىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئۇچۇر - مۇلازىمەت، ئىجتىمائىي پەن - تېخنىكا ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە كومىتېتى قاتارلىق باشقارما ۋە ئىدارىلەرنىڭ خىزمىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى ھەمدە ئادىتى بويىچە ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

ئۇ تۇنجى قەدەمنى ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مەسئۇللىرىنى تەربىيىلەشتىن باشلىدى. چۈنكى ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كەسپچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ خىزمەتنى مەسئۇل بولۇپ تۇتقانلار چوقۇم مۇشۇ خىزمەت ھەققىدە بەلگىلىك كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ دەسلەپ ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ ناھىيە دەرىجىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى

قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ يۈرۈپ، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ پۈتۈن خىراجەتنى كۆتۈرۈشى بىلەن نامرات ناھىيىلەردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرى باشلىقلىرىغا بېيجىڭدا يېرىم ئايلىق كۇرس ئاچتى.

ئۇ ستاتىستىكا ئىدارىسىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ بىر چوڭ كۆلەملىك خىزمەت بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 1 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنى يۈز نەچچە تۈر بويىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندى. شىنجاڭدا ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەتكە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئىزدىدى ھەمدە شۇ جايلاردىن ئىككى مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل، ئىككى ماشىنا ھەل قىلىپ، ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. خىزمەت ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ئۇلار بەزىدە قار شىۋىرغانغا دۈچ كەلسە بەزىدە يامغۇردا قالاتتى. بەزىدە قۇم بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا بەزىدە چۆللەردە سۇسىز قالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىدى. چۈنكى ئۇ دەل مۇشۇ يەردە، مۇشۇنداق شارائىتتا ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ يەنە كېلىپ پۈتۈن شىنجاڭ ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ شۇ قېتىمدا 70 تىن ئارتۇق ناھىيىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بىۋاستە قاتناشتى. نەتىجىدە، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ رىزۋان ئەبەي دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولدى.

شۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رىزۋان ئەبەي خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نامرات ناھىيىلەرنى يۆلەشكە قارىتىپ، دۆلەتتىن بېرىلگەن خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇ ناھىيىلەرگە ئاجراتتى. مەخسۇس مەبلەغ ھەل قىلىپ نامرات ناھىيىلەرنىڭ ستاتىستىكا ئىدارىلىرىگە 50 يۈرۈش 386 تىپلىق كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 15 ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالدىغا ئۈچ يۈرۈش، ئارقىسىغا بىر يۈرۈشتىن ھازىر ئەڭ ئىلغار ھېسابلىنىدىغان 586 تىپلىق كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى 86 ناھىيىنىڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىگىمۇ بۇ خىل كومپيۇتېردىن بىردىن ئېلىپ بەردى.

* * *

رىشاللىق جىمغۇر كۆزەتچى، خەلق ئادىل باھالىغۇچىدۇر. شۇنداق، بۈگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەن شۇ قەدەر قىزغىن ئالقىش، بۇ دەرىجىدىكى چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت بىر تاسادىپىلىق بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن يىللار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەشنىڭ، ئىشلىگەندىمۇ تۇتۇپلا قولغا ئالسا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەشنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىپ، ئۆزىنى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۈگۈن پۈتۈن شىنجاڭدىكى 8 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھىم ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇردى. بىز يولداش رىزۋان ئەبەينىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ شىنجاڭنىڭ ئاياللار ۋە بالىلار ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



مۇھەررىرى: غەلبە مۇھەممەد

# يەسلى مۇئەللىملىرى باللارنى تەربىيلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

ئالتۇنخان ئابلىز

يەسلى، باللارنى بېقىش بىلەن تەربىيلەشنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن. باللار باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىگىلەش زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە تەلىم - تەربىيگە ئىگە قىلىدىغان ئورۇن. يەسلى تەربىيىسى- باللارنى دەسلەپكى قەدەمدە مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا ئاساس سالىدىغان تەربىيە. يەسلى مۇئەللىملىرى بولسا ئەنە شۇ نىشان - مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلاردۇر. شۇڭا يەسلى مۇئەللىملىرى ئۆزلىرىنىڭ، باللارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق تەربىيىسىگە ئاساس سالغۇچىلار ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىنى جەمئىيەتكە يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈمىدىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلىرىگە باغلىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم.

ھەممىگە مەلۇمكى، يەسلى باللىرى مائارىپى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە، ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە ئالاھىدە مائارىپ. بۇ خىل مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ تەربىيلەش ئوبيېكتى بولغان باللارنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا يەسلى مۇئەللىملىرى بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق سىنىپ مۇئەللىملىرى دەرس مەزمۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئۇنى باللارغا يەتكۈزۈشكىچە بولغان جەريانىنىڭ ھەممىسىدە باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىشى، دەرسنى نوقۇل دەرس ئۆتۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باللارغا شۇ مەزمۇنلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆتۈشى، دەرس ئۆتۈش جەريانىدا باللاردا كۆپ تەرەپلىمىلىك قىزىقىش، ئۇنۇۋېرسال ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر.

باللاردىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقىشىغا، ئەقىل ئىشلىتىشكە، قول سېلىپ بىۋاسىتە ئىشلەشكە ئىنتىلىشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بۇقىرى يىللىقتىكى باللاردا ئىپچىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. شۇڭا تەييارلىق سىنىپ مۇئەللىملىرى



بالىلاردىكى بۇ خىل روھنى قەدىرلىشى، ئۇلارغا ئىمكانقەدەر جىقراق نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىشى، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

بالىلاردا يەنە باشقىلارنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشنى ئىستەيدىغان بىر خىل پسىخىك ئالاھىدىلىك بولىدۇ. يەسلى مۇئەللىملىرى بالىلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار دەرس ۋاقىتلىرىدا رەسىم سىزىش، ھەرپ، سان ئۆگىنىش ياكى ئۇسسۇل ئويناش بىلەن شۇغۇللانغاندا دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللاش، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەش ھەم رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلار تېخىمۇ روھلىنىپ، ئىلھاملىنىپ يەنىمۇ تىرىشىدىغان بولىدۇ. مۇئەللىمنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە مەدىتى بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، قول سېلىپ ئىشلەشكە تېخىمۇ تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ساندىكى بالىلاردا ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈش پسىخىكىسى بولىدۇ. شۇڭا يەسلى مۇئەللىملىرى بالىلار بىرەر ئىشنى ياخشى قىلغاندا، بىرەر ھەرىكەتنى ياخشى ئىشلىگەندە، بىرەر پارچە رەسىمنى ياخشى سىزغاندا ياكى بىرەر خەت، بىرەر ساننى توغرا، چىرايلىق يازغاندا... سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇنى بايقاپ، مۇۋاپىق سۆز بىلەن ماختاپ رىغبەتلەندۈرۈشكىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. بالا بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا ياكى ياخشى قىلالمىسا «سەن بەك دۆتكەنسەن، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىدىڭمۇ» دېگەندىن ياكى بىرەر پارچە رەسىمنى ياخشى سىزالمىغاندا «پەقەت ياخشى سىزماپسەن، بۇنداق سىزساڭ مەڭگۈ ياخشى سىزالمايسەن» دېگەندىن كۆرە، «يامان ئەمەس سىزىپسەن، ئەمما پالان - پۇستان يەرلىرى ئانچە ياخشى سىزىلماپتۇ، يەنە بىر قېتىم سىزىپ كۆر، چوقۇم ياخشى سىزالايسەن» دېسە، بالا روھلىنىپ تەكرار - تەكرار سىزىش ئارقىلىق ياخشى بىر رەسىمنى سىزىپ چىقىشى مۇمكىن.

بالىلار بىر ئىشنى قايتا - قايتا قىلىشتىن زېرىكمەيدۇ. ئۇلار دەل شۇنداق قايتا - قايتا ئىشلەش جەريانىدا ئاندىن پىشىپ يېتىلىدۇ. يەسلى مۇئەللىملىرى بالىلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، بالىلارغا بىر ئىشنى قايتا - ئىشلەپ كۆرۈش پۇرسىتى بېرىشنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

ئادەتتە بالىلارنىڭ قىزىقىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى ياخشى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئۆز قىزىقىشىغا ماس ھالدا تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. مەسىلەن، بەزى بالىلار رەسىم سىزىشقا، بەزى بالىلار ئۇسسۇل ئويناشقا، بەزى بالىلار چالغۇ ئەسۋابلارغا، مۇزىكىغا قىزىقىشى مۇمكىن. بالىلاردىكى بۇ خىل قىزىقىش ئۇلارنىڭ ئاشۇ جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى نەزەرگە ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم. يەسلى مۇئەللىملىرى بالىلارنىڭ ئۇنۇۋېرسال قىزىقىشى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش شەرتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئايرىم قىزىقىشلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

يەسلى مۇئەللىملىرى يەنە بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشى لازىم. بالىلارنىڭ تەپەككۇرى بىۋاسىتىلىككە، كونكرېتلىقىغا ئىگە. شۇڭا، باغچا مۇئەللىملىرى ئۆز تەربىيىسى ھەم دەرسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىجابىي يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، بالىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدىغان تەنە گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. بالىلارنىڭ تەپەككۇرى كونكرېت بولغاچقا مۇئەللىمنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ كونكرېت، ئېنىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، مۇئەللىم بالىلارنىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرگەندە «ياخشى، يەنە ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن كىمنىڭ يامانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي!» دېگەندەك تەنە گەپلەرنى قىلسا ئەسلىدە جىم بولغان بالىلار يىغىۋاشتىن ئورۇنلۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا گەپنى بىۋاسىتە، توغرىدىن - توغرا دېيىش، سەۋەبلىكنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلارلىق تەربىيە بېرىش كېرەك. يەنە مەسىلەن، بالىلارنى رەتكە تۇرۇشقا چاقىرغاندا مۇئەللىم «سەپراس!» دەپ كوماندا بەرسە بالىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار سەپراس بولۇشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر مۇئەللىم كونكرېت قىلىپ «سەپكە تىزىلىپ ئىككى پۇتنى جۈپلەپ، ئىككى قولنى يانغا تاشلاپ، ياندىكىلەرگە ئالدىدىكىلەرگە توغرىلىنىپ تۇرۇڭلار» دېسە ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرسە بالىلار ئاندىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ. دەرس ئۆتۈشتە ئەنە شۇنداق بىۋاسىتە، كونكرېت ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك.

بالىلار تەپەككۇرىنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىقى ۋە ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك. شۇڭا يەسلى مۇئەللىملىرى تىلىنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. دەرس مەزمۇنلىرىنى ھەر خىل رەسىملەر، ھەرىكەتلەر، ھېكايىلەر ئارقىلىق يەتكۈزگەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد

# ئەقلي ئىقتىدارى ئارقىدا قالغان باللارنى تەربىيلەش ھەققىدە

ئەخمەت ئەمەت

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

4. باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

تىل ـ تەپەككۇر قورالى. تىل بولمايدىكەن تەپەككۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. باللارنىڭ ئەقلى تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا ئۇلارنىڭ مېڭە تەرەققىياتىنىڭ نورمال بولماسلىقىدىن باشقا يەنە تىل قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ ئەقلىنى تولۇقلاشتا، ئۇلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

چوڭلار باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىدا نۇقسان بارلىقىنى سەزگەن ھامان ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋۇشلارنى جاراڭلىق چىقىرىشىغا، تەلەپپۇزىنى ئېنىق قىلىشىغا، سۆزنى توغرا قىلىشىغا ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى توغرا ئىگىلىشىگە، تۈرلۈك ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساسەن ئۇلارغا مەزمۇنى ئاددىي ۋە قىسقا بولغان قىزىقارلىق ۋەقە ۋە ھېكايىلەرنى ئوبرازلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىش، باللار ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ۋە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئۇلارغا قايتا سۆزلىتىش لازىم. داۋاملىق يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تىل مەشىقى قىلدۇرغاندا ئۇلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

5. كۆزىتىش مەشىقى قىلدۇرۇش لازىم

كۆزىتىش قابىلىيىتى ياخشى باللار شەيئىلەرنىڭ روشەن ۋە گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇزەكى، خىرە بەلگىلىرى ئىچىدىن قانۇنىيەتلىك ۋە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ تېپىپ چىقالايدۇ. ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى ياخشى تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈچۈن شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە ئۇزاققىچە كۆزىتىش ئېلىپ بارالمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆزىتىش پائالىيىتىنىمۇ ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىرىنچىدىن، ئۇلارنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ روشەن ۋە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە كۆزىتىش ئېلىپ بارغۇزۇپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا يوشۇرۇن ۋە تۇتۇق بەلگىلىرى ئۈستىدە كۆزىتىش ئېلىپ بارغۇزۇش لازىم ئىككىنچىدىن، كۆزىتىش مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدراك بولغانلىقى ئۈچۈن، باللاردا كۆزىتىش مەقسىتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭ



ئۇچۇن بالىلارغا مەلۇم شەيئى ئۈستىدە كۆزىتىش ئېلىپ بارغۇزۇشتىن ئىلگىرى، نېمىنى كۆزىتىش ئارقىلىق نېمىنى ئىگىلەش، كۆزىتىش پائالىيىتىنى قانچىلىك ۋاقىتتا تاماملاپ بولۇش دېگەنلەرنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، كۆزىتىشنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆزىتىش نەتىجىسىنى ئەستايىدىل باھالاپ،ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. داۋاملىق مۇشۇنداق كۆزىتىش مەشىق قىلدۇرغاندا، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆزىتىش مەقسىتىنى يېتىلدۈرگىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ۋە ئۇزاققىچە كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

6. ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەسلەش مەشىقىنى ياخشى قىلدۇرۇش لازىم

ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى تەسلىكتە ئەستە قالدۇرۇپ، ئوڭاي ئۇنتۇپ قالىدۇ. نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرغان ۋە ئەسلەپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدا خاتالىق ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەسلىتىش مەشىقىنى ياخشى قىلدۇرۇش لازىم. ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ پائالىيەت (ئەستە قالدۇرۇش) مەقسىتى ئېنىق ۋە يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قىزىقارلىق، ئوبرازلىق ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كەيپىياتىنى قوزغىيالايدىغان نەرسىلەرنى ئاسان ئەستە قالدۇرىدۇ. بالىلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا داۋاملىق كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان شەيئىلەرنى ۋە مەزمۇنى قىسقا، ئاددىي، ئەمما قىزىقارلىق ھېكايە ۋە ۋەقەلىكلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىش، بالىلار قىزىقىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەستە قالدۇرغۇزۇش ھەم ئۇ نەرسىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا پات - پات ئەسلىتىپ تۇرۇش لازىم. بالىلارنى داۋاملىق مۇشۇنداق مەشىق قىلدۇرغاندا، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى ۋاقىتلىق نېرۋا باغلىنىشىنىڭ ھاسىل بولۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ ۋە مۇستەھكەملىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇش سۈرئىتى تېز، ئۇنتۇپ كېتىشى ئاستا بولىدۇ، خاتىرە قابىلىيىتى مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ.

7. بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ بىلىم تەجرىبىسى كەمچىل، تىل قابىلىيىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى ئاسان چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا قىينىلىپ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ۋە ئەتىجىلىك ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇقۇملارنى توغرا ئىگىلىشىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، بالىلارغا داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى توغرا ئىگىلىتىش بىلەن بىرگە ئۇ شەيئىنى بالىلارغا ئىدراك قىلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىگىلىگەن ئۇقۇملىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساسەن، بالىلارغا ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان ئۇقۇم ۋە جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن، مەزمۇنى ئاددىي ۋە قىسقا بولغان، بالىلار ئۆزى تەپەككۇر قىلىپ (كاللا ئىشلىتىپ) تاپالايدىغان تېپىشماقلارنى تاپتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارغا قىزىقارلىق ئويۇن ئويناش شارائىتلىرىنى يارىتىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئويۇن، پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئويۇننى ئۆلچەملىك، توغرا ئوينىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنى ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدۇ دەپ قارىماستىن ئۇلارغا ئۆزلىرى قىلالايدىغان ۋە ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىنىڭ قانداق ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇنداش كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. ئەگەر بالىلار ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىيالماي قالسا ياكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇلارنى ئەيىبلىمەستىن، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىشىغا مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئەقلى ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاكتىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

8. بالىلاردىكى ياخشى روھىي كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

كۆپ ساندىكى ئەقلىي ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ئەقلى نورمال بالىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەتىجىلىك بولۇشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەقلىي ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى بىلەن بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۇلاردا ياخشى روھىي كەيپىيات پەيدا

قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار ئالدى بىلەن ئۇ خىل باللارغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشى، قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى، تاپشۇرغان ئىشنى چوڭلارنىڭ تەلىپىدەك قىلالمىسا ھەرگىزمۇ ئۇلارنى «دۆت»، «كالۋا» دەپ ئەيىبلەپ، روھى زەربە بەرمەسلىكى لازىم. ئۇلارنى ئەيىبلەۋەرگەندە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلىشىدۇ ـ دە، نەتىجىدە «ساراڭنى ساراڭ دەۋەرسە كۈندە بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولىدۇ» دېگەندەك يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلى ئارقىدا قالغان باللار ئىشلارنى توغرا قىلالمىغاندا ئەيىبلەشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مۇمكىنقەدەر ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا، پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇش، ۋاقىت چىقىرىپ باللار باغچىسى، ھايۋاناتلار باغچىسى ۋە ماگىزىن قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىش ۋە ئۇلار قىزىقىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئويۇن ئويناش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ بېرىش لازىم.

9. باللارنىڭ دىققىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ بىلىم تەجرىبىسى كەمچىل، پائالىيەت مەقسىتى ئېنىق ئەمەس، ئىرادىسى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىققىتىنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن تار، تۇراقلىق ۋاقتى قىسقا، دىققىتىنىڭ چېچىلىشى ئوڭاي، تەقسىم قىلىشى ۋە يۆتكىلىشى قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال قاتارلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىشتا قىينىلىدۇ. ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ ئەقلىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دىققەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئۇلارنى باللار قىزىقىدىغان ۋە باللاردا ياخشى روھىي كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن ئويناش، ھېكايە ئاڭلاش، ھايۋاناتلار باغچىسى ۋە باللار باغچىسىنى ساياھەت قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش لازىم. داۋاملىق مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلاردا شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە ئۇزاققىچە دىققەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ پائالىيەت مەقسىتى ئېنىق بولمىغانلىقتىن دىققىتىنى يىغالمايدۇ. بىردەم ئۇ شەيئىگە قىزىقسا، بىردەم باشقابىر پائالىيەتكە دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەقسىتىنى ئېنىق قىلىپ، مەلۇم شەيئى ۋە پائالىيەتكە ئۇزاققىچە دىققەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا مەلۇم بىر ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا ۋەزىپەقىلىپ بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىچە شۇ پائالىيەتكە ئۇزاققىچە دىققەت قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەقلى ئارقىدا قالغان باللار ئىشلارنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداپ كېتەلمىسە، ئۇلارنى ھەرگىز ئەيىبلىمەستىن، مۇۋاپىق ياردەم قىلىش ھەم ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

10. باللارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش لازىم

ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، بىلىم تەجرىبىسى كەمچىل، ھەرىكەت نىشانى ئېنىق ئەمەس، مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاڭلىقلىقى، تەشەببۇسكارلىقى يېتەرسىز، چىدامسىز، ھەرىكىتى سۇس كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇرەككەپ بولغان خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىيىن شارائىتلارغا ماسلىشىپ، پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ياخشى چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى، باللارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىكى ئىشلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا، قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، ئەقلى ئارقىدا قالغانباللار بەزى ئىشلارنى توغرا ۋە ياخشى قىلىپ كېتەلمىسە، چوڭلار ئۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى باللارغا بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويۇش ھەم پائالىيەت جەريانىدا مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا يولۇقسا، ئۇلارنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلاردا «مەنمۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايمەن، مېنىڭمۇ قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ» دېگەندەك ئىشەنچ پەيدا قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، ئەقلى ئارقىدا قالغان باللارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا قانداق ئولتۇرۇش، چوكا ۋە قوشۇقنى قانداق ئىشلىتىش، تاماقنى قانداق يېيىش، تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قولنى پاكىز يۇيۇش، پاكىزلىقنى سۆيۈش، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى قالايمىقان قىلماسلىق، كىيىم ـ كېچەكلەرنى پاكىز، رەتلىك كىيىش ۋە قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىش ۋە داۋاملىق تەكىتلەپ تۇرۇش كېرەك.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا بېغىشلىما

بۈگۈن مانا قۇياش پارلاق، گۈللەر ئېچىلدى،
ھاۋا يارقىن زېمىن ئۈزرە ئېپار چېچىلدى.
شاد ـ خۇرامدۇ بارچە ئانا، روھلۇق ھەم كۆركەم،
ئۆزلىرىنىڭ كاتتا بايرىمى
شىنجاڭ ئاياللىرى 8 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى،
تەنتەنە بىلەن تەبرىكلەش ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇپ ۋە
شىمالىدىن كېلىپ بۇندا يىغىلدى.

بۈگۈن بىز ئانىلارنىڭ بۇ كاتتا يىغىنىغا قىلىمىز تەنتەنە،
ئوقۇيمىز ئۇلارغا ئوتلۇق مەدھىيە.
مېنىڭ ئانام ئېگىشىپ كۈن بويى يەرگە،
ئاق ئالتۇن ئالدىغان ھەر نامچە تەرگە، ماھىر پاختىكار.

مېنىڭ ئانام چۆل ـ باياۋاننى كەزگەن دائىما،
ئويغاتقان زېمىننى مىڭ يىللىق ئۇيقۇدىن،
نېفىت ئىشچىسى ـ قەيسەر، پىداكار.

مېنىڭ ئانام ۋەتەن ئىستىھكامىغا،
بىر خىش بولۇپ تىزلانغان.
قار باسقان زېمىننى مەھكەم ساقلىغان،
چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ھەممىگە تەييار.

مېنىڭ ئانام خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،
ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قانىنىشىپ،
دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن.
ھەتتا دادامۇ ماختايدۇ ئۇنى، كارامەت ئۇ،
بار ئۇنىڭدا قالتىس ئىقتىدار.

مېنىڭ ئانام خەلق سوتچىسى،
جىنايەتچىلەرنى قاچۇرمايدۇ قانۇن تورىدىن.
شۇڭا دېيدۇ پۇقرالار ئۇنى،
پاسىبانىمىز، قورغان، خالاسكار.

مىليون سەبى قەلبىنى،تاڭدەك پارلاتقان،
ۋۇجۇدىدا ياشلىق يانغان، پاراسەت يانغان.
مېنىڭ ئانام جاپاكەش باغۋەن،
غەمخور پەرۋىشكار.

مېنىڭ ئانام ئىش ئورنىدىن قالغان بىر ئىشچى،
دىلكەش ۋە سىرداش.
ئۇرچۇقىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياش تۆكۈپ
غەمكىن خوشلاشقان.
ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ،
ئۆز ـ ئۆزىنى قىلدى مۇستەھكەم.
يايما يېيىشتىن باشلىدى،قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى،
ۋە كۆتۈردى باش.

ئەڭ سۆيۈملۈك بىزنىڭ ئانىمىز،
ئۇ ئۇن ئاي قورساق كۆتۈرۈپ،
باشتىن كەچۈرۈپ جەبىرى جاپانى،
بىزنى تۇغدى يورۇق دۇنياغا.
قېنى، جېنى جەۋھىرى بىلەن،
ئايلاندۇردى ھەر بىرىمىزنى،
يۇلتۇزلارغا، نۇر ۋە زىباغا.

ھايانقا يىلتىزدۇر بىزنىڭ ئانىمىز،
مەردانىلەرگە بۆشۈك بولدى.
مەيلى داھىي مەيلى باھادىر،
ئۇنىڭ بىلەن يېتىلىپ، تاۋلەپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئەقىلگە تولدى.

مانا شۇنداق بىزنىڭ ئانىمىز،
باغرىمىزدا باردۇر ئېپىتخار،
ئۇ مېھرىبان، ئەقىللىق، ئېسىل،
مېھنەتكەش ۋە قەنئەتى سەۋرچان.
غۇرۇرىمىز ئۇ بىزنىڭ ھامان،
بىز ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئىنتىزار.

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا،
ئۇ كۆتەردى دەس «يېرىم ئاسمان».
ئاشۇ ئانام ئۈچۈن بار ئاۋازىم بىلەن،
ياڭرىتىمەن مەدھىيە، ئوقۇيمەن داستان.
مانا بۈگۈن ئاشۇ ئانىلار،
قالتىس كاتتا بىر يىغىن ئېچىپ،

## ئەنجۇمەن ①

**ئۇسمانجان ساۋۇت**

ئانىلار، ئاچىلار، سىڭىللار، قىزلار
قوللاردا، يوللاردا گۈللەر مىڭ، تۈمەن...
كۆزلەر ئۈپۈقتىكى ئالتۇن يۇلتۇزلار،
شان ـ شەرەپ چاچىدۇ كۆككە ئەنجۇمەن.

سىزلەردىن باشلىنار ۋىجدان ۋە ئىمان،
ۋەسلىدە دولقۇنلاپ دەريا نۇر ئاققان.
ئانا دەپ تولۋلايدۇ ھەممىشە جاھان،
ئانا دەپ مۆجىزە سىزلەرگە باققان...

سىزلەردىن باشلىنار جەننەت دۇنيادا،
سىزلەردىن باشلىنار تاڭلارمۇ پەقەت.
سىزلەردىن باشلىنار ئايلار سامادا؛
سىزلەردىن باشلىنار ۋاپا، مۇھەببەت.

سىزلەردىن باشلىنار تاغلىق تاغدىمۇ،
سىزلەردىن باشلىنار زېمىن ۋە ئاسمان.

پۈتۈن بۇ ئالەممۇ سىزلەر بولغاچقا،
دىلدا كۈي، كۆزدە نۇر، تىللاردا داستان.

پەرزەنت بىز، قېرىنداش، دىلدار ۋە ئاتا،
قەدرىڭىز باشلاردا تاج ۋە ئۇ توغات.
چاك قونسا سىزلەرگە، ئالەمچە خاتا،
شۇ يەڭلىغ ئۇيغان بىزدە ئېتىقاد.

سىزلەرسىز بۇ ئالەم بولىدۇ مىسكىن
زەررە نۇر كۆرمەيدۇ ئاجونىنىڭ يۈزى.
تارتىدۇ يۈزىگە چىنلىق چۈمپەردە،
يۇمۇلۇپ قالىدۇ ئادالەت كۆزى...

ئانىلار، ئاچىلار، سىڭىللار، قىزلار
رەڭگارەڭ گۈل سىزلەر شۇنچىلىك لىۋەن.
بەرگىلەر باغرىدا نۇرانە ئىزلار،
شان ـ شەرەپ چاچىدۇ كۆككە ئەنجۇمەن.

① كاتتا يىغىلىش

---

ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ،
ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ئالدى ئالقىنىغا.
ئەسىر ھالقىش مەنزىرىسىنى،
چۈشۈردى ھەيۋەتلىك بەكمۇ چىرايلىق،
نەپىس رەسىمگە.

15 ـ قۇرۇلتاي روھى بۈگۈن،
بىزنى ئۈندەيدۇ ئالغا بېسىشقا.
باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن
كۆچۈرگەندىكى سۆزى بەرمەكتە ئىلھام.
يېڭى ئەسىر دەل ئاشۇ ئانىلارغا؛
باش لىڭشتار قىلىپ تەبەسسۇم.
باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق توغى،
لەپىلدەيدۇ پۈتۈن دۇنيادا.
«ئەر ۋە ئايال باراۋەر »دېگەن،
مەملىكەتنىڭ ئۇل سىياستى.
قىلدى ئانىلارنىڭ ئىشەنچ كۈچىنى،
تېخىمۇ مول، تېخىمۇ زىيادە.

بىز بۈگۈن ئانىلىرىمىزغا ئەڭ چوڭقۇر،
ئەڭ ئىزگۈ تىلەكلەر تىلەيمىز.
ئانىلىرىمىزنىڭ بۇ كاتتا يىغىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغاي.
ئانىلىرىمىزغا يېڭى دەۋردە
يەنە يېڭى پارلاق نەتىجىلەر يار بولغاي.
سۆيۈملۈك ئانىلار، بىز سىلەرنى سۆيىمىز!
سۆيۈملۈك ئانىلار، بىز سىلەرنى مەدھىيىلەيمىز!
سۆيۈملۈك ئانىلار، بىز سىلەرنىڭ مەڭگۈ ۋاپادار
پەرزەنتىڭلار بولىمىز!
سۆيۈملۈك ئانىلار، مەڭگۈ ساغلام، مەڭگۈ گۈزەل،
مەڭگۈ كۆركەم، مەڭگۈ لېۋەن بولۇڭلار!

**ئۇسمانجان ساۋۇت (ت)**

مۇھەررىرى: **قۇندۇز مۇھەممەد**

1998 - يىل

نويابىر

(131)

# ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئېچىلدى.**

△ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىش ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، شىنجاڭ گېزىتى، ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى، ئاسىيا كىندىكى گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشتى. يولداش رىزۋان ئەبەي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ يىغىندا سۆز قىلىپ، مۇنداق دېدى: «ئۆتكەنكى بەش يىل جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. بۇ يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلماقچى. تۆۋەندە مەن يولداشلارغا بۇ قېتىملىق قۇرۇلتايغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

1. بۇ قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي بولۇپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ كاتتا بىر قېتىملىق يىغىلىشى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي ھەر مىللەت ئاياللىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 15 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشتىلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆتكەن بەش يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، ئەسىر ھالقىيدىغان شىنجاڭ ئاياللىرى ئىشلىرىنىڭ كۆرەش نىشانى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش؛ ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان كۆرەش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ ئاياللار ئىشلىرى تەرەققىياتىنى يېڭى ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى كونلۇن مېھمانخانىسىدا ئېچىلىدۇ.

4. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى 400 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى 29 نەپەر.

**باھارگۈل ساتتار**

△ مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئاياللار

بىرلەشمىسى 9 - ئاينىڭ 4 - 5 - كۈنلىرى ئۈلاغىر يېزىسىدا ئاياللار خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەر قايسى يېزا (بازار)لىق ئاياللار بىرلەشمىسى مۇدىرلىرىدىن جەمئىي 24 نەپەر كىشى قاتناشتى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى. ھەر قايسى كەنت ئىشخانىلىرىنىڭ ئارخىپ قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىدا ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتى. ھەر قايسى كەنتلەرگە بېرىپ ئاياللارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى، كەنت ئاياللار خىزمىتى ئەھۋالىنى، «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» پائالىيەت ئەھۋالىنى شۇنداقلا ئائىلە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش جەھەتلەردە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى كۆردى. ئۈلاغىر يېزا تەۋەسىدىكى 3489 نەپەر ئايال ئەمگەكچى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلىپ، قوشنا يېزا (بازار)لىق ئاياللار بىرلەشمىسى مۇدىرلىرىنى بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە قىلدى.

**ئوسمانجان بارات،**
**سائەتخان نۇرەك**

△ پەيزاۋات ناھىيىسى يېزا ئاياللىرىنىڭ فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېرىم دۇنيالىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۆھپە يارىتىشى ئۈچۈن ئۇلارنى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتماقتا.

بۇ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى 1998 - يىلىدىن باشلاپ ئاياللار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا ئاياللىرىنى ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشكە قارىتىپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغانغا مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ، تەربىيىلەش پىلانى، تەربىيىلەش ئوبيېكتى، تەربىيىلەش مەزمۇنلىرىنى يېزا (بازار)، كەنتلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش توغرىسىدا مەخسۇس ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ھەر قايسى يېزا (بازار) لىق ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيىدە ناھىيە، يېزا ۋە كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەربىيىلەش تورى شەكىللىنىپ، ئاياللارنى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى پۇختا قانات يايدۇرۇلدى.

بۇ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى ئىلگىرىكى بىر ئورۇنغا يىغىپ تەربىيىلەشنى، ئېتىز بېشىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ تەربىيىلەش، ئىش ئۈستىدە تەربىيىلەش، ئائىلىلەردە تەربىيىلەش، پايدىلىق تەكلىپلەرنى بېرىش، ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، ئالدىن بېيىغان تىپلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، نىشانلىق ھالدا ھۆددە ئېلىپ پەن - تېخنىكا ئۆگىتىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتتى. ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلاندى. نەزەرىيە، سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسلىرىدىن 77 قارار ئېچىپ، ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 700 ئادەم قاتناشتى. يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز، بۇغداي، قوناق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، «پەيزاۋات قوغۇنى» نىڭ سورتىنى ياخشىلاش، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، چارۋا ماللارنى بورداش، مېۋىلىك باغلارنى پەرۋىش قىلىش، ماتېرىياللىق ئورمان ئەھيا قىلىش ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە 41 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 7200 كىشى تەربىيىلەندى.

**ئابدۇرېھىم نۇر.**

مۇھەررىرى: **گۈلباھار ناسىر**

# «قانداق بولار؟!»

(ھېكايە)

غۇنچەم سەمەت

- خۇدايا تووۋا! تووۋا قىلدىم خۇدايىم، مۇنداقمۇ پەسكەش ئادەملەر بولىدىكىنا، ھۇ رەسۋا ھايۋان، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىپلاس بۇزۇق...

ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قىلىۋاتقان گۈلسۈم چوڭ يولنى بويلاپ ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلىغانچە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئاغزىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق تىللارمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەلەمدىن ئۆرتىنىۋاتقان كۆڭلىگە دال بولالمىدى. كۆز ئالدىدا ھېلىدىن - ھېلىغا نامايان بولۇۋاتقان ئاشۇ مۇدھىش كۆرۈنۈش ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرىنى ھەدەپ ئۇلغايتىپ، پۈتۈن جىسمىنى دوزاخ ئازابىدا قىينايتتى.

- تووۋا! كۈپكۈندۈزدە، تېخى مېنىڭ كارىۋىتىمدا ئىككىسىنىڭ ئەيمەنمەستىن قىپيالىڭاچ يېتىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ پەسكەشلىكىنى دېمەي تېخى مېنى «پەس» دەپ تىللاشلىرىنى، خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر! ئۆلمىسەم سەن ھايۋاننىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمەنغۇ تېخى، ئىست سەندەك ۋاپاسىزغا قىلغان ئەقىدەم، ئىست چىچىمنى سۈپۈرگە، قولۇمنى كۆسەي قىلىپ ئۆي تۇتقانلىرىم. بولدى ئەمدى ئىككىڭچىلەپ تەلەتىڭگىمۇ قارىمايمەن. ئاشۇ ناپاك گۆرنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ دەسسىمەيمەن! ھازىرلا ئاكامنىڭ قېشىغا كېتىمەن.

شۇنچە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەقىدە قىلغان يولدىشىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئەجىر - مېھنىتى بىلەن قۇرغان ئىللىق ئائىلىسىدىن قوغلىنىش، بىر ئاجىز ئايال ئۈچۈن ئەرشتىن پەرشكە چۈشۈش، ئادەمدىن بىراقلا مۇردىغا ئايلىنىش ئىدى.

ئۇ قەدەملىرىنى شۇنچە ئىتتىك ئالاتتىكى، تىترەك باسقان ۋۇجۇدى، قېنى قېچىپ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىدىن قورقۇنچلۇق بىر نەرسىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەكلا كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا يول بويىدىكى ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان ئادەملەرمۇ، مەيىن شامالدا ئىغاڭلاپ تۇرغان دەل - دەرەخلەرمۇ ھەتتا كۈچلۈك سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ، ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ ئەلەم بىلەن چاقنىغان كۆزلىرىگە قاپقارا ئىگىز بولۇپ كۆرۈنەتتى.

- ئەسلى باشتىلا ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلىسام بوپتىكەن، ئىست سەندەك ئىپلاسقا قىلغان ئەقىدەم، ئىست ساڭا بولغان ئىشەنچىم!

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىغىرىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمەن. ئىست، ئەمدى كۆرۈپ تۇر، قىلمىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دەيمەن!

ئۇ كېتىۋاتقاچ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى، كايىيتتى، قەسەم ئىچەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا مېكىپ نەگىدۇر بىر يەرگە كېلىپ قالدى.

- ئەستا، بۇ نە بولغىنىتى؟ - ئۇ دەماللىققا ئىسگە كېلەلمەي بىر دەم تېكىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا زەن سېلىپ ئۆزىگە تونۇش بىرەر كۆرۈنۈشنى ئىزدەپ باقتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېسىگە ھېچنېمە كەلمەيتتى. ئۇ خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغان ئادەمدەك كۈچلۈك ئاچچىقتىن بۆلەك ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

ئادەتتە بەختلىك نىكاھ ئۈچۈنلا ئائىلە قۇرغان ئادەملەر بۇ بەختتىن مەھرۇم بولغاندا ئۆزىنى بىراقلا يوقىتىپ قويىدۇ. گۈلسۈممۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى نېمە بىلەن ئۆلچەشنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى.

- ماۋۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى 7 - يولنىڭ ئاپتوبۇسىغۇ، - ئۇ ئالدىدىن گۈركىرەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ كۈچلۈك ئۇرۇلغان سىگنالىدىن سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنداقتا ئاۋۇ دوقمۇشتىن سولغا بۇرۇلساملا ئاكامنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەنمەنغۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خىرە - شىرە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ ئۆتۈپ كەتتى.



- ئاكامغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىچ - قارنىم بوشىغۇدەك بىر يىغلىۋالاي. ئاكامغا: «ئاكا، پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى،

مېنى ئۇ قارا يۇزدىن قۇتۇلدۇرۇۋال دەي. ھېلىقى چاغدا ئۇرغاندا يىرىڭداپ تەستە ساقايغان جاراھىتىمنىڭ تارتۇقلىرىنى كۆرسىتەي. نەچچە يىلدىن بېرى ماڭاشىمنىمۇ بىر تىيىن تۇتقۇزماي ئېلىۋالغانلىقىنى، مېنىڭ شۇنچىلىك تەس كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىمنى، خىزمەتداش، دوستلىرىم ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغانلىرىمنى، شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتتە ئائىلە ئىگىلىكى تىكلەپ مانا ئەمدى ئازراق پۇل تېپىۋېلىپلا مېنى ياراتماي باشقىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، ھەتتا بۇگۈنكى ئىشنى ئېيتاي»

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن مېڭىپ ھېلىقى ئىلگىرى ئۆزى نەچچە قېتىم كېلىپ توختاپ قالغان ناۋايخانىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ پۇتلىرى خۇددى ئېغىر لاپ كەتكەندەك ئىختىيارسىز ھالدا مېڭىشتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قان ـ زەرداپ بولۇۋاتقان يۈرىكى تۇيۇقسىزلا باشقىچە بىر تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى.

ـ مەن سېنىڭ بىردىنبىر قېرىنداشىڭغۇ، مېنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويساڭ نېمە بولىدۇ! ... توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، مەن قاراپ تۇرۇپ سېنى شۇ ئالجوقا ياسانچۇققا تۇتقۇزۇپ قويمايمەن.

ـ ھە دېگەندىلا دەيدىغىنىڭ شۇكەن، خۇددى ئۆزۈڭ بىر ئەۋلىيادەك.

ـ نېمە بولمىسۇن، بەرمەيمەن دېدىممۇ بەرمەيمەن.

ـ خۇددى مەن سېنىڭ شەخسىي مۈلكۈڭدەكلا گەپ قىلىدىكەنسەن.

ـ سەن... سەن ئەقىلسىز نېمە دەۋاتىسەن؟! مەن سېنى... ھەي! سەن مېنىڭ... بولدى ئەمىسە، سەنمۇ مېنى ئىزدىمە، مېنىڭمۇ سەندەك سىڭلىم يوق! يوقال كۆزۈمدىن!

توققۇز يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ كۈچلۈك ئاۋاز مانا ھازىر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە قايتا جاراڭلاپ، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالغۇدەك دەرىجىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

كۆڭۈلنىڭ خاھىشىغا قويۇپ بېرىلگەن تاللاشنىڭ ئەڭ خاتا تاللاش بولىدىغانلىقىنى، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۇرغۇن دەرد ـ ئەلەملەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كىم ئويلىسۇن؟! شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتلىرى گويا قېتىپ قالغاندەك تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلماي تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇ ئاكىسىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزىسىگە تەلمۈرگەنچە ئۇزاق تۇرۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. گويا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ھېماتچىسىز، تايانچىسىز قالغان يۈرىكىدىكى پۇشايمان، ھەسرەت ـ نادامەت، دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك.

* * * *

ـ ئاپاجۇرە، جېنىم ئاپاماڭە! ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كېتەيلىچۇ!؟ ھاۋاخان ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىمىز بىلەن مەكتەپكە بەك يىراقكەن، كۈندە كېچىكىۋاتىمەن. مۇئەللىممۇ، ساۋاقداشلىرىممۇ... مېنى... ئۆزۈڭمۇ كېچىكىدىكەنسەن... يەنە تېخى... مەن پەقەت كۆنەلمەيۋاتىمەن ئاپا...!

سەبىي قىزنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى، ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى گۈلسۈمنىڭ يۈرەك بارىسىغا تۇز سېپىپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى. ئۇ قىزىنىڭ ياشلىق مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ، چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن قىزىنى باغرىغا باستى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ئىسسىق كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ راست، ئۆز ئۆيىدىن خۇۋلۇق تاپالماي خارلاندىم دەپلا باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېلىشمۇ تازا قاملاشمايدۇ. قانچە يېقىن دوست دېگەن بىلەنمۇ «ئۆيى باشقىنىڭ گۆرى باشقا» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئۇ قىزىنى بەزلىمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن گېلىغا بىر نەرسە تاقىشىپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئانىسى رەھمەتلىك ئۇنىمۇ خۇددى مۇشۇنداق باغرىغا بېسىپ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان يوقاپ كەتكەن دادىسىنى ۋە قايسى بىر نامەلۇم ئاياللىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ تىللىغان، قارغىغان كۆرۈنۈشى كەلدى. ئانا مېھرىگە قانماي، ئانىسى بىلەن غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتكەن گۈلسۈم دادىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن چېغىدا، بىچارە ئانىسى ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنى يېتىم قالدۇرۇپ بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇ قىسمەت مۇنۇ كىچىككىنە سەبىي بالىنىڭمۇ بېشىغا كېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. قىزىمىمۇ ئەمدى ماڭا ئوخشاش باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنماي يېرىم ـ ياتا ئۆتەرمۇ؟! ئەينى چاغدا مەنلا ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدى! مانا ئەمدى ئۆزۈم بىلەن بىللە قىزىممۇ...

ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆلۈمنى تېخىمۇ شېرىن ھېس قىلدى. ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان قىزىغا قاراپ يۈرىكى خۇددى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىنى باغرىغا بېسىپ تۇرغان جىسمى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن لەرزىگە كەلدى.

*　　*　　*　　*

ـ قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ئىش گۈلسۇم، ـ دېدى گۆرۈپپا باشلىقى ئايال بۇگۈن راستىنلا خاپا بولغاندەك تەرىنى تۈرۈپ، ـ ھازىر ئىدارىدە ئادەم كۆپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرىمىز دەۋاتسا، سىز ھەدەپ مۇنداق كېچىكىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ. ئالدىنقى ھەپتە كېچىككەن ئىككى كۈنىڭىز ئالدىنقى ئايغا تەۋە بولۇپ يوقلىمىدىن سەككىز نومۇرىڭىز تارتىلدى. مانا ئەمدى بۇ ئاي باشلىنا ـ باشلانمايلا بۈگۈن بىلەن ئۈدا ئۈچ كۈن كېچىكتىڭىز. بۇ ئايلىق خۇلاسىدىن يەنە ئۆتەلمىدىڭىز دېگەن گەپ. بەلگىلىمە بويىچە ئۈچ ئايلىق خۇلاسىدىن ئۆتەلمىسىڭىز ئىش ئورنىدىن قالىسىز. سىزنىڭغۇ ئېرىڭىزنىڭ پۇلى بار. لېكىن گۇرۇپپىمىزدىكى باشقىلارنى ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ ـ دە!

گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ سۆزلىرى گۈلسۇمنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك تەگدى. كېچىكىپ قېلىۋاتقىنى راست، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق ئەمەس، ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۆزى ئەڭ سۆيۈپ ئىشلەيدىغان خىزمەت ئورنىدا بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشقا دۇچ كېلىشى شۇنچە يىللاردىن بۇيان تېخى تۇنجى قېتىم بولغاچقا بۇ زەربە ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كەلدى. بولۇپمۇ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك خەۋپ ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەت نېرى كەتمىدى. « ئېرىڭىزنىڭ پۇلى بار» دەپ كەتكىنىنى تېخى! شۇ پۇلنىڭ ئۇنى مۇشۇ كۈنگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟!

*　　*　　*　　*

ـ مەسىلىنى بۇنداق ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئاقىلانە ئۇسۇل ئەمەس ئوكام، ـ دېدى ئىدارە باشلىقى گۈلسۇمگە سالماقلىق بىلەن، ـ سىزنىڭغۇ ئەھۋالىڭىز ئالاھىدە ئەھۋال ئىكەن. بىز سىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمىز. لېكىن ئۆي پىرىشتەك ئەمەلىي مەسىلىگە كەلسەك، سىزگە ئىدارە بۇرۇن ئۆي تەقسىم قىلغان، سىز ھەتتا ئۇ ئۆينى سېتىپمۇ ئالغان تۇرۇۋقلۇق، ھازىر يەنە ئۆي تەلەپ قىلسىڭىز ئورچۇقىنى دېگەندە بۇ پەقەت ئاقمايدۇ. ئىدارىمىزنىڭ ئەھۋالى سىزگە ئايان، ئۆي قىس، بەزىلەر تېخى ئىجارىگە باشقا يەرلەردىن ئۆي تېپىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆينى يۆتكەش بىلەنلا ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. سىز يىراقنى ئويلاڭ، ئۆي دېگەندە نېمە ئىشلار بولمايدۇ. پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالسىڭىز ئۆزىڭىزگە ياخشى ئەمەس. سىز ئەڭ ياخشىسى ئېغىر بېسىق، سوغۇققان بولۇپ، زىددىيەتنى ئامالنىڭ بارىچە پەسەيتىشكە تىرىشىڭ. ھېچبولمىغاندا قىزىڭىزنى بولسىمۇ ئويلاڭ.

ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇپلا قالماي تېخى يېگى غەملەرگە سېلىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئالدىغا ماگسا تاغ، كەينىگە يانسا دەريا توسۇپ تۇرغاندەك، گويا ئېغىر يۈك ئارتىلىپ قويۇۋېتىلگەن يېگانە قۇشتەك تولىمۇ بىچارە ھېس قىلدى.

ناھەقچىلىككە، دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئازابى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئازابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم پەقەت بىر قېتىملا ئازابلانسا، ناھەقچىلىككە، خورلۇققا ئۇچرىغان ئادەم ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئازابتىن قىلدەك تولغىنىپ مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ.

گۈلسۇم دەممۇ دەم چوڭقۇر تىناتتى.

كۆيدۇم ـ پىشتىم دەپ توي قىلغان يولدىشى ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئاشۇ ئىللىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىش، ياشلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىككىنە خاتالىقى تۈپەيلى بىردىنبىر ھامىيسى بولغان قان ـ قېرىندىشىنىڭ مېھرىدىن مەھرۇم بولۇش، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي ئاتىسى بولغان ئىدارە رەھبەرلىكىدىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ بېشىنى تىقىپ پاناھلىنىپ تۇرىدىغان ئۆي تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىك، ھەتتا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىردىنبىر تايانچىسى بولغان ئىش ئورنىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىش، بىر ئايال ئۈچۈن ئاسان دەمسىز؟!

كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار گۈلسۇمنى ھەممە جەھەتتىن قىيناپ، چىرايىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تونۇغۇسىز ھالەتتە خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇزۇندىن ئۇزاق مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ـ ئاياللار بىرلەشمىسىگە بېرىپ باقسام بولارمۇ ـ يە؟ شۇلار بېشىمنى سىلاپ ماڭا ئىگە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قانداق قىلاي؟ بارسام قانداق بولار؟!

ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى بارغانچە تېزلەپ، قەددى بارغانچە روسلىنىپ كەتتى.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد

# ۋەسىيەتنامە

## (ھېكايە)

### ر. ۋالبۇ (فرانسىيە)

ئاناغلىق يازغۇچى لۇشان.جوسايران ئارتىمىسنى ئاچتى. قات ـ قات قول يازما، ماتېرىيال ۋە خەت ـ چەكلەرنىڭ تېگىدىن ئاۋدېتنىڭ ئۆزىگە مېھرلىك قاراپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئوماق چىرايى ئايان بولدى. يېرىم يىلدىن بېرى لـۇشان پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ ئايالى سورانگى كۈتۈپخانىغا تۇيدۇرماستىن كىرىپ قـالغاچقا، ياش يـازغۇچى سۈرەتنى دەماللىققا يـوشۇرۇپ بولالماي قالدى.

ـ مەن سىزگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇممۇ، ـ دېدى سورانگى.

ـ ياقەي، ـ لۇشان يالغان سۆزلىدى، ـ مەن رومانىمنى يېزىۋېتىپ ئېسىل بىر ئابزاسقا كەلگەندە يازالماي قالدىم.

ـ نېمە ۋەقەلىك، ـ سورىدى ئايالى.

ـ ئېرى ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقتىن ئايال باش قەھرىمان ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولىدۇ، بىراق ئۆلۈۋېلىشتىن ئىلگىرى ئېرىگە بىر پارچە ۋەسـىـيەتنامە يېزىپ قالدۇرماقچى. بۇ ۋەسىيەتنامىنى مەن ئۈچ پارچە يازدىم. ھەممىسى قايىل قىلارلىق چىقمىدى. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ تەسراتى بولغان بولسا تەسىرلىك چىقارمىدىكىن تاڭ.

ـ مەن سىزنىڭ مېنى مەسخىرە قىلمايدىغانلىقىڭىزغا چوقۇم ئىشەنەلىگەن بولسام، بۇ خەتنى سىزگە يېزىشىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولاتتىم، ـ دېدى ئايالى.

ـ سـەن؟ مـەن ھـازىـرغـىچە سېنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىڭنى بايقىمىغانىدىم؟

ـ مېنىڭ سىز تېخىچە ئۇقمايدىغان بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىممۇ بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى ئايالى. ئۇنىڭ جاۋابى ئادەمنى سەل ئويغا سېلىپ قوياتتى.

لۇشان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

ـ سىز نەگە بارماقچى؟ ـ سورىدى ئايالى.

ـ چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي.

سورانگىنىڭ بېشى چۈشتى. ئاۋدېتنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى:

«قـەدىرلىكىم، مەن سىزنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ سىزدىن جۇدا بولماقچىمەن. بايا سىز مەندىن ئايرىلىپ قىز دوستىڭىزنى كۆرگىلى ماڭغان چېـغـىڭىزدا مېنىڭ كۆزلىرىمدىكى ئازابقا دىققەت قىلمىدىڭىز ھەم قولۇمنىڭ تىـترەۋاتقانلىقىنى سەزمىدىڭىز... خۇدا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. چۈنكى شۇ چاغدا سىز مەندىن سورىغان بولسىڭىز مەن ئېھتىمال ئۆزۈمنىڭ سىرلىرىنى ئـاشكـارىـلىـۋېـتىشىم مۇمكىندى. بۇ ئۈمىدسىزلىكلەر بارا ـ بارا ماڭا يەنە يـاشـاۋېرىـشـنىـڭ ھېـچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلدۇرغانىدى. بۈگۈن ئاخشام قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدا كېچىكىپ قايتقانلىقىڭىز ئۈچۈن يەنە باھانە ـ سەۋەب توقۇپ چىقىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ئۇ چـاغدا مەن ئاللىقاچان بۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن، ئىچىڭىزنى پىشۇرىدىغان سوئاللار بىلەن سىزنى ئازابلاپمۇ يۈرمەيمەن. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئـارتۇقچە ئەيىبلەپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ ئەمدى نېمە پايدىسى بولسۇن؟ سىزمۇ بارلىق ئەرلەردەك ئەر كىشىگە خاس يامان ئادىتىڭىز بويىچە ياشىدىڭىز. گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭ سەۋەنلىكىم سىزنىڭكىدىن چوڭ. چۈنكى مەن ھەممە دەرد ـ ئەلەم ۋە ھاقارەتلەرگە چىداپ تۇرىدىغان قابىلىيەتكە مۇيەسـسـەر بولالمىدىم. بۇ خىل دەرد ـ ئەلەم ۋە ھاقارەتلەرگە چىداش، تۇرغۇن ناشلانغان ئاياللارنى نامراتلىق ۋە غەمكىنلىك ئازابىدا چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، خەقنىڭ چېچەكلىرىنى چاي قىلىۋېتىدىكەندۇر ھەقىچان.

قەدىرلىكىم، بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ياتاق ئۆيىمىزگە كىرسىڭىز مېنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىمنى كۆرىسىز. بىراق، سىز مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلمايدۇ. ئاھ، مەن سىزنىڭ خاتىرىڭىزدە كۆرۈمسىز ئوبرازىمنى قالدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆلگەندە چىرايىمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن. مەن بۇرۇنلا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەچكە تازىلىق ئۆيىدىكى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە كىچىك بىر قۇتىنى تىقىپ قويغان. ئەمدى سىز ئۇنى كارىۋاتنىڭ يېنىدا كۆرىسىز.»

دەل شۇ ۋاقىتتا كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، لۇشان جوسايران پەيدا بولدى.

ـ ئـاچقۇچۇمنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ـ دېدى ئۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا ھەم بېزىق شىرەسىنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ، ـ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتـسـەن سورانگى، ـ دەپ سورىدى.

ياش ئايال يازغان خېتىنى ئارقىسىغا يوشۇردى.

ـ ھېچ، ھېچنېمە قىلمىدىم...

ـ يالغان ئېيتىۋاتـسـەن! ـ لۇشان خەتنى كاپپىدە ئېلىۋالدى.

ـ ئۇنتۇنۇپ قالاي. ئۇنى ئوقۇماڭ، بەك كۈلكىلىك. ئۇ دېگەن كۆپىيە، ئەتە مەن سىزگە ياخشىراقتىن بىر پارچە يېزىشىپ بېرەي.

لـۇشاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايىنى جىددىيلىك ئالامىتى قاپلىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىككە تولغان بۇ بىر نەچچە قۇر خەتنى سۆزمۇ ـ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇپ چىقىپ ئاخىرىدا پەس ئاۋازدا سورىدى:

ـ بۇ... بۇ... سەن... سەن يازغان؟

ـ شۇنداق.

لۇشان كۈتۈپخانا ئىشىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كىچىك ئىشكاپنى ئاچتى.

سـورانگـى يـەرگـە يىقىلىپ ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئېرى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا، ئۇ لۇشاننىڭ قولىدا قىزىل ماركا چاپلانغان كىچىك بىر قۇتىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ـ سورانگى، گەپ قىلە، ماڭا جاۋاب بەرگىنە... بۇ خەت...

ئايال بېشىنى لىڭشىتتى.

ـ سورانگى يازغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست گەپلەرمۇ؟ ئەگەر مەن تاسادىپىي قايتىپ كېلىپ قالمىغان بولسام...

ئايال چوڭقۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنغان ھالدا يەنە بېشىنى لىڭشىتتى. لۇشان ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. لېكىن سورانگى پەقەت يەڭگىل تەلەپپۇزدا:

ـ ئېھتىمال، سىز تېخى ئۇنى قايىندىن ئۆزگەرتىشىڭىز مۇمكىن. خەت سەت يېزىلىپ قالدى، ئەدەبىي پۇرىقىمۇ يوق. لېكىن بۇ ھەقىقىي تەسىرات، ـ دېدى.

**تۇرسۇن سايىت (ت)**

**مۇھەررىرى: غەلىبە مۇھەممەد**

# قېينانا ۋە كېلىن

تۇرسۇنجان ئوسمان

رېئال تۇرمۇشتا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەملەر ئارىسىدا زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قېينانا بىلەن كېلىنلەرمۇ بۇ خىل زىددىيەتلەردىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. جۈملىدىن قېينانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بولۇپ، پات - پات ھەر خىل سۈركىلىشلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەندەك بۇ خىل سۈركىلىشلەر ئىككى تەرەپنىڭ بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا كۆيۈمچان قېينانىلار، ۋاپادار كېلىنلەر ئاز ئەمەس. ئۇلار ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئىناق - ئىجىل بولۇپ خاتىرجەم، شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. لېكىن شۇنداق قېينانا ۋە كېلىنلەرمۇ باركى، ئۇششاق ئىشلاردا بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ، ھەمىشە زىددىيەت ئۇرۇقى چېچىپ، ئائىلە ئىناقلىقىنى بۇزىدۇ. پۇرسەت تاپسىلا بىر - بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق چوڭ ئائىلىگە ھەم ئۆزىنىڭ كىچىك ئائىلىسىگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا قېينانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

قېينانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، ئاقىۋىتى قانۇنلىقلارنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. قېينانا بىلەن كېلىن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىككىلا تەرەپ ئادىل، سالماق بولۇشى، ئارىدا سۈركىلىش كېلىپ چىققاندا سەۋەبىنى قارشى تەرەپتىن ئىزدەشكە ئۇرۇنماي ئۆزىدىن ئىزدىشى، قىسقىسى قېينانا بولغۇچى قېينانىلىق سالاھىيىتىنى ساقلىشى، كېلىن بولغۇچى ئۆزىنىڭ كېلىنلىك سالاھىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

1. قېينانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن كېلىن بولغۇچى تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئىشلارغا دىققەت قىلىشى زۆرۈر:

(1) سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلىنىڭ، ھۇرۇن بولماڭ. چوڭراق ياشتىكىلەر ئادەتتە سەھەر تۇرىدۇ ھەمدە پەرزەنتلىرىنىڭمۇ سەھەر تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر سىز قېينانا، قېيناتىڭىز بىلەن بىر قورۇدا تۇرسىڭىز ئۇلاردىن سەھەر تۇرۇپ، ھويلا - ئارامىلارنى تازىلاش، ئۆيلەرنى رەتلىك يىغىشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىڭ. ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ھۆسن - جامالىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىشچان بىر جۈپ قولىدا ئىكەنلىكى ئېسىڭىزدە بولسۇن. سەھەر تۇرىدىغان كېلىننى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ. «ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن» ئەمەسمۇ.

پاكىز بولۇڭ. تاماق ئەتكەندە قازان - قومۇچلارنى ئەپلىك ئىشلىتىڭ، بىر - بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ ئاۋاز چىقارماڭ ھەم ئۆز ۋاقتىدا يۇيۇپ ئادەتلىنىڭ. ئۆزىڭىز ھەم ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ رەتلىك، پاكىز كىيىنىشىگە دىققەت قىلىڭ. ۋاقتىڭىز يار بەرسە قېيناتا، قېينانىڭىزنىڭ كىيىملىرىنىمۇ يۇيۇپ بېرىڭ. شۇنداق قىلىش ئۆيىڭىز بولسىلا جوقۇم ۋاقىت چىقىرالايسىز.

(2) مۇرەسسە بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. قېينانىڭىزدىن پات - پات ئەھۋال سوراپ تۇرۇڭ ھەم ئۇ ئانىڭىز بىلەن مۇڭداشقاندەك مۇڭدىشىڭ، سىردىشىڭ. ئۇنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز قېينانىڭىز بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك، ئىناق ئۆتەلەيسىز.



(3) شەرمى - ھايانى ئۇنتۇپ قالماڭ. قېيناتا، قېيناناڭىز ئالدىدا كىيىم ئالماشتۇرماڭ، چاچ تارىماڭ، پەرداز قىلماڭ. ئېرىڭىز ياكى باشقىلار بىلەن بىمەنە چاقچاقلاشماڭ؛ كېپىكە لوقما سالماڭ. مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىڭ. ئۇلار سىزگە مەسلىھەت سالسا ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىڭ. گەپ ئەگىتمەڭ.

(4) چوڭلارنى ھۆرمەتلەڭ، كىچىكلەرنى ئاسراڭ. سىز ئېرىڭىزنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنسىز، ئېرىڭىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى كۆرگەندەك كۆرۈڭ. ئۇلارنىڭ بالىلىرى سىزگە ئېسىلسا ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ. ئەركىلىتىپ قۇچىقىڭىزغا ئېلىڭ. قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭ. «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇماڭ. قېيناتا، قېيناناڭىزنىڭ باشقۇرۇپ قويۇشلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىڭ. ھەرگىز «مەن ئۇغلۇڭلارغا تەگدىم، سىلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقۇڭلار يوق» دېگەندەك خىياللاردا بولماڭ.

(5) تولا گەپ قىلىشتىن، گەپ توشۇپ يۈرۈشتىن ساقلىنىڭ. «كۆپ سۆزلىگەننىڭ ھۆرمىتى يوق» دېگەن سۆز ئېسىڭىزدە بولسۇن. ئۇچۇق - يورۇق بولدۇم دەپ ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەپ يۈرمەڭ. ئۆيدە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى، بەزى ئىشلارنى سىرتتا دەپ يۈرمەڭ. سىر ساقلاشمۇ پەزىلەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. غەيۋەتخورلۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭ، غەيۋەتچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى سالماق تۇتۇڭ.

(6) يۈرۈش - تۇرۇشىڭىز قائىدىلىك بولسۇن. قېيناتا، قېيناناڭىزنىڭ ئالدىدا چېتىڭىزنى كېرىپ ئولتۇرۇش، شالاپشىتىپ بىر نەرسە يېيىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەدەبسىز ھەرىكەتلەردە بولۇشتىن ساقلىنىڭ. ئىشتىن قايتقاندا ياكى سىرتلارغا چىققاندا ئۆيگە تېزرەك قايتىپ كېلىڭ، قاراڭغۇغا قالماڭ.

(7) قېيناتا، قېيناناڭىز ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ.

2. قېيناتا بولغۇچى ئۆزىنى «مەن دېگەن قېينانا، كېلىنىم مېنى شەرتسىز ھۆرمەتلىشى، خىزمىتىمدە بولۇشى لازىم» دەپ قارىماستىن، ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ساقلىشى، ئۆزىگە يېنىپ قالىدىغان گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئىشلارغا دىققەت قىلىشى زۆرۈر.

(1) كېلىنىڭىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئادەمدە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ھەر قانداق كۈچ بويسۇندۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ غۇرۇر. سىز قېينانا بولغاندىن كېيىن، كېلىنىڭىزنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. كېلىنىڭىزگە تەربىيە بەرگەندە ۋە سۆزلىگەندە غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئەگەر غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ - سۆزلەر بولىۋەرسە بۇ ئاخىر مۇددەتلىك بومبىغا ئايلىنىدۇ - دە، ھامان بىر كۈنى پارتلايدۇ.

(2) كېلىنىڭىزگە غەيۋەت قىلىپ بەرمەڭ. بولمىسا ئۆز ئوبرازىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋالىسىز.

(3) كېپىڭىز بولسا يۈز - تۇرانە دەڭ. بەزى قېينانىلار سىرتتىكى كىشىلەرگە كېلىنى توغرىلىق ۋايساشقا، يامان گەپ قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. دەل شۇنداق قېينانىلار كېلىنى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدۇ. سىز كېلىنىڭىز بىلەن ھەر قانچە ئەپ ئۆتۈشكە تىرىشقىنىڭىز بىلەن، ئارقىسىدا يامان گېپىنى قىلسىڭىز، تىرىشچانلىقىڭىز يوققا چىقىدۇ، خالاس. قانداق گېپىڭىز بولسا كېلىنىڭىز ئالدىدا دەڭ، ئارقىسىدا كوتۇلدىماڭ. باشقىلارغا كېلىنىڭىز توغرىلىق گەپ قىلىپ بەرگىڭىز كەلسە ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىڭ. چۈنكى «گەپنىڭ قانىتى بار».

(4) تىكەننى كىرگەن جايدىن ئېلىش لازىم. بەزى ئائىلىلەردە باللار قىلىپ قويغان بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن كۆپىنچە كېلىن بولغۇچى بەدەل تۆلەيدۇ. قېينانا بولغۇچى بالىسىدىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى كېلىنىدىن ئالىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىك. سىز ئادىل قېينانا بولۇڭكى، ھەممە زىددىيەتلەرنى يولىدا بىر تەرەپ قىلىڭ.

(5) ئۆز قىزىڭىز بىلەن كېلىنىڭىزنى ئوخشاش كۆزدە كۆرۈڭ. ياخشى قېينانىلار ئۆز كېلىنىنىڭ باشقىلارنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆز قىزىنىڭمۇ ھامان كېلىن بولۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئەقەللىي ساۋات. كېلىنىڭىزنى ھەرگىز قىزىڭىزدىن تۆۋەن كۆرمەڭ. بۇنداق قىلماق ھەقىقەتەن قىيىن. لېكىن لاياقەتلىك ھەم ئەقىللىق قېينانىلار شۇنداق قىلالايدۇ. ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە كېلىنىڭىزنىڭ كۈتۈشىگە ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا موھتاج بولىسىز. «كېلىنىم بەرىبىر ياتقۇ» دېگەن خىيالدا بولماڭ. بولمىسا كېلىنىڭىزمۇ كۆڭلىدە سىزنى «ئۆز ئانا» قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

(6) ئوغلىڭىزنى كېلىنىڭىزدىن قىزغانماڭ. بەزى ئانىلار ئوغلىنى ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن ئوغلى كېلىنى بىلەن ئامراق ئۆتسە چىدىمايدۇ. بۇ بەلكىم «ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ماڭا بولغان مېھرىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى» دېگەندەك خىياللاردىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببىتى باشقا نەرسە، ئانا - بالىلىق مۇھەببىتى بولسا باشقا نەرسە. بۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل بۈيۈك تۇيغۇ بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا يوقىرىقىدەك خىياللاردا بولماسلىقىڭىز، گۇمانخورلۇق قىلماسلىقىڭىز كېرەك.

(7) كېلىنىڭىزگە ئۈلگە بولۇڭ. سىزگە كېلىن بولغۇچى ھەر قانچە ئەقىللىق، ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ بەرىبىر سىزدىن كىچىك، تەجرىبىسىز، سىز بىلگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ ئۈلگۈرمىگەن بولىدۇ. شۇڭا كۆپ ئىشلاردا سىزگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ. دېمەك، قائىدىلەرنى ئاغزىڭىزدا سۆزلەپ قويماستىن، بەلكى كېلىنىڭىز ئالدىدا ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ئۈلگە بولۇڭ. تىرناقتىن كىر ئىزدىمەي، سەرۋچانلىق بىلەن ئىش قىلىڭ.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد

# مىنىستىر گۈلدان بولۇشنى خالىمايدۇ

**فرانسىيىدەك ئەركىن، رومانتىك دۆلەتتىمۇ ئەر - ئاياللارنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىدىن ئېغىز ئېچىش تېخى خېلى بالدۇر. بۇنى سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان ئاياللارلا چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. سىز مەيلى مىنىستىر بولۇڭ ياكى پالاتا ئەزاسى بولۇڭ، پەقەت زىننەت بۇيۇمى بولۇشنى خالىمىسىڭىزلا چىشىڭىزنى چىشلەپ ئەرلەردىن كۆپ بەدەل تۆلەپ، جاپا چېكىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.**

فرانسىيە - ئاياللار ھوقۇقى تارىخىدا باشلامچى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇلۇغ ئىدىيىلىك ئاياللارنىڭ تەسىرى فرانسىيىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. «ئىككىلەمچى» دېگەن ئەسەرنى يازغان سىمونې.دې بوۋاچ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بىراق بۇ دۆلەتتە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاياللارلا سىياسىي ساھەگە كىرەلەيدۇ. بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرلەر. 90 - يىللارنىڭ بېشىدا كرېسسون خانىمنىڭ زۇڭلىيلىققا تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، مۇخبىرلار قىزىققان ھالدا ئۇنى ساچىر خانىم بىلەن سېلىشتۇرۇشقا باشلىغاندا كرېسسون خانىم جىمجىت توختاپ قالغان. ئاياللارنى نەپىس زىننەت بۇيۇمى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى كابىنېتىدا چىرايلىق كېيىنگەن ئايال دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، ئايال مىنىستىرلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەركەكلەر سىزغان سىزىقتىن چىقمىغان ھالدا ئۇلارنى مەركەز قىلىپ تۈزۈلگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇلتۇر بۇ توپ ئىچىدىكى بەختكە يارىشا ھوقۇقتا يېقىنلاشقان ئاياللاردىن بىر ئەدلىيە مىنىستىرى چىقتى. ئۇ ئانىلىق مېھرى بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى نەزەرگە ئېلىپ دۆلەت پۇقرالىقى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە بىر مەيدان مارافونچە بەس - مۇنازىرە، تالاش - تارتىش ئارقىلىق ئاندىن ماقۇللانغان. 51 ياشلىق ئايال مىنىستىر ئېلىزابېت گىگاۋ بۇ چاغدا چارچاپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئىللىق ئائىلىسى بار ئىدى.

**ئۇنى قوللايدىغان ئەرلەر**

«ئاپا، ياخشىمۇسىز؟» ئوغلى ئېدۋارد مۇشۇ گەپ بىلەن ئاپىسىنى تەبرىكلەپ ياتاق ئۆيگە كىرگەندە، ئېلىزابېتنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارغىنىغا ئۈچ سائەتمۇ بولمىغانىدى. ئېدۋارد بۇ يىل 18 ياش بولۇپ، ئاۋام پالاتاسى ئاپىسى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرىگە قويغاندا، ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئۇچۇرغا ئىزچىل تۇردە دىققەت قىلىپ كەلگەن. چۈنكى ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاپىسىغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئېدۋاردقا ئوخشاش فرانسىيىدە تۇغۇلغان بەزى دوستلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىدا چەت ئەل پاسپورتى بولغاچقا فرانسىيە پۇقراسى بولۇشى ناھايىتى قىيىنىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش - تە! شۇڭا ئېدۋارد ئاپىسى تەرەپتە تۇراتتى.

«ئاپا، قانداقراق، تاقابىل تۇرالامدىكەنسىز؟» ئايال مىنىستىر ئاشۇ كۈنى ئوغلىنىڭ بۇ گەپنى ئۆزىدىن قانچە قېتىم ياندۇرۇپ سورىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ھەممىدىن قىزىقارلىقى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى ئىش ئىدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا ئېلىزابېت بۇئۇربون سارىيىغا ئاۋام پالاتاسىنىڭ كەچلىك مۇنازىرىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغاندا

ئوغلى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى: «ئاپا، ئەگەر ئۇلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سىزگە يەنىلا يول قويمىسا، سىز ئامال قىلىپ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئارتۇق ھاياجانلانماڭ.» ئــوغلــى ئاپىسىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئۆزىنى ئەزەلدىن تەمكىن تــۇتىدىغانلىقىنى، ئەمما باشقىلار مەجبۇرلىسا بەزىدە تىت - تىت بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇنىڭ غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىدىغانلار ئىچىدە يالغۇز ئۇنىڭ ئوغلى ئېدۋاردلا بولماستىن، يەنە 32 يىلدىن بۇيان ئۇنى ئىزچىل تۈردە قوللاپ كېلىۋاتقان ئېرى ژان بوئىس بىلەن ھازىرقى زۆڭلى روسپانمۇ بار ئىدى. ئۇ 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن ئېلىزابىتقا تېلېفون بېرىپ: «بەك ياخشى بولدى، ئەمدى ئازراق دەم ئېلىڭ» دەيدۇ. تۆت كۈنلۈك مۇنازىرە يىغىلىشى باشلانغاندا ئۇ ئېلىزابىتقا ئىلھام بېرىپ: «ماگا ئايان، سىز بۇ يەردە بىر قانچە كېچە ئۇرۇش قىلىسىز، مەن سىزنىڭ خۇش خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن» دەيدۇ. ئېــلىزابىت بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىزابىتنىڭ بۇنىڭدىن 26 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئىتالىيىلىك بوۋىسى گانتو ھازىرغىچە ياشىغان بولسا، ئۇمۇ بۇ ئالتۇن چاچ، كۆك كۆز نەۋرىسىدىن چەكسىز پەخىرلەنگەن بولاتتى. 1913 - يىلى 16 ياشلىق گانتو ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلى ئىتالىيىدىن فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك شەھەر مــارسېلغا كەلگەن. پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئۇ فرانسىيە ئارمىيىسىدە ئۇزۇن يىل تۇرغان. ئېلىزابىت مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك ۋاقتىمدا بوۋام دائىم ماگا بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەتكۈچە خورلانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ تامچى بولغاچقا دائىم باشقىلارنىڭ پاسكىنا، تەربىيە كۆرمىگەن دەپ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى.» ئېلىزابىتنىڭ بوۋىسى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇرۇش ئوردېنىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن 1932 - يىلى ئاندىن فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتەلىگەن. شۇڭا ئېلىزابىت قانۇن لايىھىسىنى بايان قىلغاندا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بوۋىسى گانتونى سىياسىي ساھەسىدىكىلەر بىلەن كۆپچىلىككە تونۇتتى. گانتو بىر فرانسۇز قىزغا ئۆيلىنىپ، ئاندىن ئايالى بىلەن چەت ئەللىكلەرنى يەكلىمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىزدەش ئۈچۈن ئالجىرىيىگە بارغان. كېيىن يەنە ماراكەشكە بارغان. ئېلىزابىت بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى شۇ يەردە تۇغۇلغانىدى.

## ئەڭ ئۇزۇن بىر كېچە

بۇ ئەسلىمىلەر ۋە ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى، ئۇنىڭ 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدىكى ئاشۇ بىر ھەپتىلىك جىددىي ھەم كەسكىن تالاش - تارتىشقا بەرداشلىق بېرەلىشىگە چوڭ مەدەت بولغان. شۇ ئىشنى ئەسلەپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆز كۆز قارىشىمنى بايان قىلىۋاتقاندا ئەتراپىمدىكى كىشىلەر قاتتىق غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. لېكىن مەن ئۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي ئۆز قارىشىمنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئىــدى. چــۈنكــى ئــۇلار ئايال كىشى ھوقۇق تۇتسا ھامان تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئۇنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىش خىيالىدا بولىدۇ».

ئۇ خۇددى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاش ئۇزۇن بىر كېچە پۇختا، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈپ، 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە مۇنازىرە يىغىنى مەيدانىدىكى ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. يېرىم يۇمۇلاق شەكىللىك زال ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. سوتسىيالىستلار

پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى: «سىلەرنىڭ مۇشۇ مەيدانغا كېلىشىڭلار ناھايىتى مۇھىم.» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمى تولىمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر لايىھە ماقۇللىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، يەنە بىر ئايال پارلامېنت ئەزاسىمۇ ئېلىزابېتنى كۆپ تەرەپتىن قوللىغان. شۇ كېچە ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى.

كەچ سائەت 11 يېرىمدا ئېلىزابېت بىر نەچچە ئىستاكان چاي ئىچىۋەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «زادى قانداق بولۇپ كېتەر، جەمئىي 20 لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىر تېخى بىرىنچىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ بولۇنمىدى» دەيتتى. ئوتتۇرىدىكى دەم ئېلىشتىن كېيىن مۇنازىرە يەنە باشلىنىپ كەتتى. يىغىن رەئىسى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىنى قولىغا ئېلىشىغا قارشى ئېقىمدىكىلەر چۇقان كۆتۈردى. ئېلىزابېت سالماقلىق بىلەن قارشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى ئەڭگۈشتىرى: «ئارقىغا قايتماسلىق، ئۇلارنىڭكىنى راست دەپ قارىماسلىق، ئۇلارنى نەزەرگە ئالماسلىق»تىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى. ماززۇ ئەكسىيەتچىل ئېقىمدىكى ئەڭ زەھەرخەندە ئادەم ئىدى. ئاخىرىدا ئۇمۇ قايىل بولدى.

سەھەر سائەت تۆتكە داڭ ئۇرۇلدى. بۇ - بىر مۇھىم پەيت ئىدى. ئېلىزابېت بىلەن بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ۋاقىتلىق دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئازراق دەم ئېلىۋالدى. كېيىنكى بىر يېرىم سائەتلىك مۇنازىرىدە يەنىلا يېڭىش - يېڭىلىش بېكىتىلمىدى. مەيداندىكى پارلامېنت ئەزالىرى شۇ كۈندىكى ناشتىنىڭ بوئۇربون سارىيىدا بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشتى. سائەت ئالتىدە ئېلىزابېت ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى پەملىدى. 20 مىنۇتتىن كېيىن لايىھە ماقۇللاندى.

ئايال ئەدلىيە مىنىستىرى سائەت ئالتە يېرىمدا بوئۇربون سارىيىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى چارچاپ كەتكەنلىكتىن پۈتلىرىنى ئاران - ئاران ئېلىپ ماڭاتتى. ئەمما ئېلىزابېت پەقەت چارچىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بەخت شاتلىقى جىلۋە قىلماقتا ئىدى. بۇ بىر مەيدان «مارافونچە سىياسىي كۈرەش» ئارقىلىق، بۇندىن كېيىن فرانسىيىدە تۇغۇلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا كىرگەندە تەبىئىي ھالدا فرانسىيە پۇقراسى بولىدۇ. 13 ياشقا كىرگەندە فرانسىيە پۇقراسى بولۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى پەقەت فرانسىيە زېمىنىدا ياشاۋاتقىنىغا بەش يىل بولغان بولۇشى كېرەك، دېگەن لايىھە ماقۇللانغانىدى. ئېلىزابېت ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى سول ئېقىمدىكىلەرگىمۇ، ئوڭ ئېقىمدىكىلەرگىمۇ خۇشامەت قىلغانلىق ئەمەس. بۇ - فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئائىلىق مېھرى بىلەن ئادەمگەرچىلىكىنى سىنايدىغان ئىسلاھات. بىز قانۇننىڭ ئادىل، ئەتراپلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھازىر 70 - يىللاردىكىدەك كۆچمەنلەر دولقۇنى بولمىسىمۇ، لېكىن مەسىلە پۈتۈنلەي ھەل بولۇپ كەتمىدى. بىز پۇقرالىق سالاھىيىتى بولماسلىق ھادىسىسىنىڭ يەنە پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايمىز.» ئارقىدىنلا ئۇ يەنە «ئاتا - ئانىسى چەت ئەللىك بولغانلىقى تۈپەيلى دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان بالىلارنى ئازايتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز ئەھمىيەتلىك ئىش. چۈنكى بىز بالىلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر چېتىدە قېلىشىغا چىداپ تۇرالمايمىز» دەيدۇ. بوئۇربون سارىيىغا كىرىپ - چىقىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت پۇقرالىقى قانۇنى لايىھىسى توغرىسىدا مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئۇلار بولۇقىان ئەڭ جاپالىق مۇنازىرە ھېسابلىنىدىكەن.

## ئۇ ئاۋىنيوندا ھوشىدىن كەتتى

12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۈمە كەچتە فرانسىيىنىڭ شەھىرى ئاۋىنيوندا ئېلزابېت ھۆكۈمەت ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، مەزكۇر پارتىيىنىڭ يەرلىك سايلىمىدىكى نامزاتلارنى بېكىتىش يىغىنىغا قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىر تەرەپتىن ئۇنى يۆلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىدۇ. ئېلزابېت ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەردىكى ھىنرى.دوفىي دوختۇرخانىسىغا بېرىشقا قوشۇلىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىنىدۇ. دوختۇرلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئېلزابېت دوختۇرخانىدا بىر كېچە يېتىپ كۆزىتىشكە قوشۇلىدۇ. 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ روھىي ھالىتى نورماللاشقاندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىپ پارىژغا قايتىدۇ. چۈنكى سودىيىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇنى يەنە نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى. پارىژغا كەلگەندىن كېيىن ئېلزابېت ئېرى ژان لوئىسنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشىنى ياردەمچىسىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ۋار.دىگلاس دوختۇرخانىسىغا بېرىپ سالامەتلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرتىدۇ. بۇ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ دوختۇرخانىسى بولۇپ، داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە مەخپىيەتلىك مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن مەخسۇس فرانسىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كېسەل كۆرسىتىدىغان دوختۇرخانا بولۇپ قالغانىدى. ئېلزابېت دوختۇرخانىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئېلىپ يۈرىكىنى تەكشۈرتىدۇ. دوختۇر قايتا ـ قايتا تاپىلىغان بولسىمۇ، ئۇ بىر ھەپتىمۇ خاتىرجەم يېتىپ داۋالانماي، ئىشخانا مۇدىرى خرىستان.ۋېيگور ئېلىپ كەلگەن بىر مۇنچە ھۆججەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ ياردەمچىسى بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق چارچاشتىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن قىياپەتتە پاراڭلىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ راستىنلا قاتتىق چارچىغانىدى.

سالامەتلىكىدىن چاتاق چىققان ئەشۇ كۈنى ئۇ پارىژدىن بېريۇسسېلغا بېرىپ 15 دۆلەتنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. يىغىندىن كېيىن مارسېلغا بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەرلىك سايلام تېخى رەسمىي باشلانمىغانىدى. ئەمما قائىدە بويىچە سىياسىي ساھەنى جانلاندۇرۇۋاتقان ئەربابلارنىڭ دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، مەيدانىغا بېرىپ ئۇلارغا مەدەت بەرمەسلىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. شۇڭا ئېلزابېت بۇ بىر مەيدان ھالقىلىق پۇتبول مۇسابىقىسىنى چوقۇم كۆرۈپ، ئۆز پارتىيىسى ئۈچۈن سىياسىي ئۇتۇق قازىنىشى كېرەك ئىدى. گەرچە ئۇ بۇنداق پائالىيەتلەرنى ئانچە ياخشى كۆرمىسىمۇ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، شۇنداق قىلىشى كېرەك. يېرىم كېچىدە ئېلزابېت جىگو ئاۋىنيوندىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئارام ئالدى، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يەنە سايلامنىڭ ئالدىدىكى ئالدىراش خىزمەتلەر باشلىنىپ كەتتى. يىغىن، مۇھاكىمە، قوبۇل قىلىش... قاتارلىق ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلار...

ۋىنئوم مەيدانىغا جايلاشقان ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدە كۆپچىلىك مەقسەتلىك ھالدا مىنىستىرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىپ، كىچىك ئىشنى يوققا چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئېلزابېتنىڭ ياردەمچىلىرى بەزىلەرنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقاتتى. ئاياللار جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز بولۇپ، ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىر ھەپتە ئىلگىرى ئېلزابېت ئەمەلىي

ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاۋام پالاتاسىدا ئۆزىنىڭ ناچار ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. سېتىسىل.ئىل ئىزچىل ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ياردەمچى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«مېنىڭچە ئۇ نەچچە ھەپتە بۇرۇنلا قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. بۇ ساھەدە ئىشلىگەن ئادەمنىڭ تۇرمۇشى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ھەر قانداق ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، ھەممە جايدا مۇرەسسە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېلزابىتنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ چوڭ تەسىرى، ئۇ شەخسىي تۇرمۇش بىلەن ئاممىۋى تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا ماھىر ئىكەن. يېقىندا ئۇ يولۇققان ئىشلارغا مەن بەكلا جىددىيلىشىپ قالدىم».

سەھىيە مىنىستىرى بولغان سىمونې.ۋېر مۇنداق دەيدۇ:«مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن مىنىستىر بولۇش، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەر قانداق جايدا خىزمەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىش كېرەك، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بەزى مىنىستىرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەدلىيە مىنىستىرى بولۇش بەك تەس. ئىشىنىمەنكى، بارلىق ئەدلىيە مىنىستىرلىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىيىنلىقىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. 1981 - يىلى موررىس.فايرس بۇ ئىشنى بىر ئاي ئىشلە - ئىشلىمەيلا ئالمىشىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق چوڭ ئىشنى قولىغا ئالغان بىر ئايال بۇ خىزمەتنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.»

## سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايال

ئېلزابىت ئۆزى يازغان «سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايال» دېگەن كىتابىدا بۇ ساھەدىكى ئاياللارنىڭ مۇشكۇل شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان:«ئەجىبا، ئاياللار بۇ ساھەدە ئىشلىسە بارلىق ئاياللىق خۇسۇسىيىتى يوقاپ كېتەرمۇ ياكى بولمىسا يۇرۇش - تۇرۇش جەھەتتە پۈتۈنلەي ئەرگە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ ۋە ياكى سىياسىي جەھەتتە ئەرلەرگە سېلىشتۇرما بولۇپ قالارمۇ؟» ئېلزابىت مۇكەممەل سىياسىئون. ئۇنىڭ كىنو چولپانلىرىغا ئوخشاش گۈزەل، كېلىشكەن، نازاكەتلىك ھۆسن جامالى بىلەن سالاپىتى قانچىلىغان كىشلەرنى مەپتۇن قىلىپ ۋەسۋەسىگە سالمىغان دەيسىز! ئۇنىڭ ئاشۇ ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈن چاچلىرى، گىلاستەك لەۋلىرى، بويىغا خوپ ياراشقان كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتلىرى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان:«ئەگەر سىز بىر ئايال بولۇپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، كىشلەر ئالدى بىلەن سىزگە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، ئاندىن سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلايدۇ. كىشلەر سىزگە باھا بەرگەندىمۇ ئاۋۋال، سىز بىر ئايال دەۋېتىپ ئاندىن سىز بىر جەھەتتىكى سىياسىيغا مەسئۇل كىشى دەيدۇ.» دەرۋەقە ئېلزابىت ئۆزى بۇ تەرەپنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كونا - يېڭى تونۇشلىرى ئۇنى تىلغا ئالسا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل ھۆسن- جامال ئۈستىدە توختىلىدۇ.

1974 - يىلى ئېلزابىت بىلەن بىللە دۆلەت مەمۇرىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرى: «ئېلزابىت ئۇ چاغلاردا بەكمۇ چىرايلىق ئىدى» دېيىشىدۇ. قاتناش مىنىستىرى بولغان ھەم ئېلزابىت بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئانىنا.مارى.ئېدېلارك مۇنداق دەيدۇ:«ئېلزابىت 20 ياش ۋاقتىدىلا ئىستىقباللىق ئادەم بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش، ئاياللارنىڭ جىنسىي پەرقى كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايتتى. لېكىن رېئال تۇرمۇش بىزنىڭ غايىمىزدىن يىراقتا ئىكەن.»

ئېلزابىت ئۆزىنىڭ چىراي - شەكلىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە باشقىلارغا

خۇش چىراي ئاچمايتتى. بۇ ھالەت ھەتتا قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇنىڭ سۆرۈنلۈكى كونا ساۋاقداشلىرىنىڭ خاتىرىسىدە ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۈزەللىكى بىلەن ئوخشاش چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ قىلمىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قاتتىق توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى، ئومۇمىي سايلامدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكەن.

ئاننا. مارى ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مىجەز خاراكتېرىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى ئۇ بەك تارتىنچاق ۋە ئۇياتچانلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلمەي، باشقىلارغا سوغۇق چىراي، ھاكاۋۇر كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئاخىر تونۇپ يەتتى.» ئېلزابېت 1974 - يىلى دۆلەت مەمۇرىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئارىلىقتىن دەل 24 يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا سىياسىي ساھەدە تەدرىجىي ھالدا يۇقىرى ئۆرلەپ، جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن توسالغۇلارنى يېڭىپ قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىدى. 1974- يىلى ئۇ سوتسىيالىستلار پارتىيىسىگە كىردى. ئېلزابېت بىلەن ئېرى ژان لوئىسنىڭ ھەر ئىككىلىسى سول ئېقىمدىكىلەرگە چوقۇناتتى. دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا ئېلزابېت بازار، بانكا باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن مالىيە، پىلان كومىتېتلىرىدا خىزمەت قىلغانىدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، ئۇنى چىرايىغا تايىنىپ جان بېقىۋاتىدۇ، دېگەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئىدى. كېيىن دوستى پىر. ۋېردىرنىڭ ئۇچراشتۇرۇشى بىلەن 1982 - يىلى ئەينى چاغدىكى زوڭتۇڭ مىتران بىلەن تونۇشۇپ، زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئىلىسىي سارىيىغا مەسلىھەتچى بولدى. كېيىن زوڭتۇڭ ئۇنى ياۋروپا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بالداقمۇ بالداق ئۆسۈپ، 1990 - يىلى ياۋروپا ئىشلىرى مىنىستىرى، 1997 - يىلى 6 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرى بولدى.

ئېلزابېت جىگو ئۆزگەردى. ئىلگىرى ئۇ بۇ ساھەدە پەقەت ئەرلەرنىڭلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر خىل بىمەنە سۆز - چۆچەكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن لەۋسۇرۇخلىرىنى سۈزۈك لەۋ مەلھىمىگە، ئۆزىگە ياراشقان ئۇزۇن شىمىنى چىرايلىق يوپكىغا، پەس پاشنىلىق ئايىغىنى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغقا ئالماشتۇرغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ 1992 - يىلى يەرلىك سايلامغا قاتناشقاندا بېرنال تۇۋبى ئىسىملىك بىر ئەر ئۇنىڭغا بىمەنە چاقچاقتىن بىرنى قىلىدۇ. ئۇلار ئېلزابېتنى بىر ئىچ كىيىم ساتىدىغان ماگىزىنغا باشلاپ كىرىدۇ. بېرنال قولىغا بىر دانە كۇسار ئېلىۋالغان بولۇپ، ئېلزابېتنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆزى بىلەن ئاپپاراتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ. بۇ رەسىم گېزىتكە چىققاندىن كېيىن ئېلزابېتقا نۇرغۇن باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇ «تېخنىكىلىق تىپ»، «تۆمۈر ئايال» دېگەن ناملار بىلەن شۇ دائىرە ئىچىدىلا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. يۇقىرىقى كىشىلەر ئۇنى كۆلكىگە قويماقچى بولۇشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھېچنەرسىگە بېرىلمەيدىغان، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يەنى سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولغان. 1998- يىلى يەنە بىر ئالدىراش يىل بولدى. ئەدلىيە ئىسلاھاتى، يەرلىك سايلام كەسكىن تالاش - تارتىش پەيدا قىلىدىغان چوڭ تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا ئېلزابېت دوختۇرخانىدىمۇ ئىككى كۈن ئارامخۇدا ياتالمىدى.

**پاتىگۈل مۇھەممەتجان** (ت)

مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل رىشىت**

# نىكاھلىنىش ئالدىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنىڭ ئەۋلادلار سۈپىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

◇ شاھزە ◇

ھايات ـ تۇغۇلۇش، ياشاش، توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رىتىملىق قانۇنىيەت. پەرزەنتلىك بولۇش پەقەت ئىككى ياشنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولماستىن، بەلكى بىر ئەۋلاد ساغلام، ياراملىق ئىز باسارلارنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسىدۇر.

ساغلاملىق ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇمىد ئارزۇسى. ھازىرقى مۇشۇ تەرەققىيات ۋە رىقابەت دەۋرىدىمۇ نۇرغۇن ياشلار ئۆزىگە لايىق تاللاشتا، سۈپەتلىك تۇغۇش، يارامىلىق ئەۋلاد قالدۇرۇش مەسىلىسىنى تازا چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بەزى يىراق، چەت، نامرات، قاتناش قولايسىز ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان رايونلاردا يېقىن تۇغقانلار ئۆز ئارا توي قىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. بۇ تىببىي ئىلىم قانۇنىيىتىگە مۇتلەق خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ شەخسنىڭ ئەۋلادىنىڭ سۈپىتىگىمۇ ئىنتايىن زىيانلىق.

ياشلار تويدىن ئىلگىرى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكتىن بەزى جايلاردا بۇ خىزمەت تازا ياخشى تۇتۇلمايۋاتىدۇ. سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە توغرا كەلسىمۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا بولۇۋاتىدۇ. بۇ ياشلىرىمىز ئىرسىيەت كېسەللىكلىرى بىلەن، ئوخشاش قان تىپتىكى تۇغقانچىلىقى بار ئادەملەردە ئوخشاش بولغان يوشۇرۇن كېسەل گېنلىرى بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقىنى پەرەز قىلالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئىرسىيەت كېسەللىك نىسبىتى يۇقىرى بولۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، تۇركۈملەپ مېيىپ، ئاجىز، يارامسىز بالىلار دۇنياغا كېلىۋاتىدۇ.

مەملىكەتلىك ساقلىقنى ساقلاش مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى 1986 ـ يىلى 14 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «ياشلارنىڭ تويدىن ئىلگىرى ئومۇميۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ، ئىرسىيەت كېسەللىكلىرى بىلەن جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نى ئېلان قىلدى. شۇنداقلا نىكاھ قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ: «بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ۋە ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى تۇغقانلار ئۆز ئارا توي قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلىدى. بۇ ھەربىر كىچىك ئائىلىنىڭ كەلگۈسىدە مەڭگۈ بەختلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈشىگە ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئادەملەرنىڭ سۈپىتى ـ بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىردىنبىر چوڭ مەسىلە. سۈپەتلىك ئەۋلاد بولغاندىلا ئۈچۈر ۋە رىقابەت بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرغىلى، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

يېقىن تۇغقان ۋە بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋەت دېگەنلىك ـ ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلىرى، چوڭ دادا، چوڭ ئانا بىلەن نەۋرىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر ئىرسىيەت كېسەللىكىنىڭ تەخمىنەن 3000 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن گېنلىق ئىرسىي كېسەللىكلەرمۇ نەچچە يۈز خىلغا يېتىدۇ. مەسىلەن، بەزىبىر گومۇشلۇق، قان، تېرە كېسەللىكلىرى، گاس ـ گاچا، ئەما ۋە غەيرىي شەكىللىك ھەم يامان سۈپەتلىك ئۆسمە قاتارلىق كېسەللىكلەر، بۇندىن باشقا يەنە روھىي كېسەللىك، يۇقىرى قان بېسىم، تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى ۋە كۆپ خىل غەيرىي شەكىللىك كېسەللىكلەر ۋاستىلىك ھالدا ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرلەشكەن

دۆلـەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 10 پىرسەنتى تۈرلۈك ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان. دۆلىتىمىزدە ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ. شۇڭا يېقىن تۇغقانلار ئۆز ئارا توي قىلىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ ئائىلىلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ۋە دۆلەت نوپۇسىنىڭ سۈپىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

نىكاھتىن ئاۋۋال تەكشۈرتۈش بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرتۈش بولۇپ، تەپسىلىي ئېلىپ بېرىلغاندىلا نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان بەزى يوشۇرۇن كېسەللىكلەرنى ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم مەقسەت ئىرسىيەت كېسەللىكلىرى بىلەن جىنسىي كېسەللەر ۋە كۆپىيىش ئەزالىرىدىكى غەيرىيلىكلەرنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ياشلاردا فىزىئولوگىيىلىك، پاتالوگىيىلىك ۋە فۇنكسىيىلىك تەرەپلەردە كېسەللىك كۆرۈلسە داۋالىنىشقا مەسلىھەت بېرىلىدۇ. توي قىلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى، توي قىلىشقا بولىدىغان تەقدىردىمۇ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى بەلگىلەپ بېرىلىدۇ. ياشلار نىكاھقا تىزىملىتىشقا بارغان كۈندىن باشلاپ ساقلىقىنى ساقلاش، جىنسىي تۇرمۇش تازىلىقى، ئۆزىنى ئاسراش، ھامىلدار بولۇش بىلىملىرىدىن خەۋەر تاپىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق دەسلەپكى باسقۇچتا تويدىن ئىلگىرىكى ساغلاملىق ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئورگانلىرى ئۆز ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايلىرىدا بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەش لازىم.

«ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى» نىڭ 8 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تويدىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈلىدىغان كېسەللىكلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئېغىر دەرىجىدىكى ئىرسىيەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر. بۇ ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمايدىغان، ئەۋلادلار ئارا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىرسىيەت كېسىلى ياكى ئىلمىي جەھەتتىن پەرزەنتلىك بولۇشقا بولمايدىغان كېسەللىك.

2. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەل ئەيدىز، سفلىس، تاناسىل، گانارىيە، ماخاۋ قاتارلىق توي قىلىشقا ۋە پەرزەنتلىك بولۇشقا تەسىرى بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر.

3. ھەر خىل روھىي كېسەللىكلەر، ئېلىشىپ قېلىش، ئېغىر نېرۋا كېسەللىكلەر.

4. توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشقا تەسىرى بولغان ئەر - ئاياللاردىكى ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك، جىگەر، ئۆپكە، بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى ناچار، غەيرىيلىك، ئاجىزلىق ئەھۋالى بارلار.

ياشلاردا يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەر بايقالسا شۇ ۋاقىتتىكى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىش مەسلىھەتى بېرىلىدۇ.

نىكاھتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرتۈش - بىر تۈرلۈك جىددىي ۋە ئەستايىدىل بولغان ئىجتىمائىي گېگىنا ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدۇر. تەكشۈرتكۈچىلەر دوختۇرخانىلارغا ئىشەنگەن ھالدا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ماسلىشىشى، دوختۇرلارمۇ ئەستايىدىل، مۇلايىم، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەكشۈرۈشى كېرەك. ھەر بىر ياش، ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ چوڭ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەڭگۈ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان پۇشايماندا قالماسلىقى كېرەك.

ئاخىرىدا ھەر بىر ياشنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى، كۆڭۈلدىكىدەك تاماملىشىنى ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستىن چىقارماسلىقىنى، ئالتۇن دەۋرنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ھەقىقىي يېتىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

مۇھەررىرى: ئاززۇگۈل رىشىت

# جورىڭىزنىڭ دوستلىرىنى كۈتكەندە...

1. قىزغىنلىق جايىدا بولۇش

ئۆيىڭىزگە كەلگەن جورىڭىزنىڭ دوستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنىستىكلەر بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق مېھماننى كۈتكەندە ئەدەبلىك، قىزغىن بولۇش بىلەن بىرگە گەپنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ قىلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنلىق قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتسىڭىز ياكى چىرايىڭىزنى ئاچماي تۇرۇۋالسىڭىز جورىڭىزنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالىدۇ. شۇنداقلا مېھماننىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىسىز.

2. ئۆز سالاھىيىتىڭىزگە دىققەت قىلىش

جورىڭىزنىڭ دوستلىرى ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كەلگىنىدە ئەلۋەتتە جورىڭىز تەشەببۇسكار ئورۇندا، سىز ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىسىز. ئەگەر سۆھبەت داۋامىدا سىز ئاغزىڭىز بېسىلماي سۆزلەۋېرىپ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋېلىپ، جورىڭىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويسىڭىز، جورىڭىزنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ ئابرويىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىسىز. شۇنداقلا ئۆزىڭىزگە بولغان تەسىرىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

3. جورىڭىزنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قىلىش

مېھماننىڭ ئالدىدا جورىڭىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سۆزلەپ ئۆزىڭىزنى كۆرسەتمەك. ئاۋادا جورىڭىزنىڭ دوستىنى «ئۆز ئادەم»غۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئالدىدا جورىڭىزنى ئەيىبلەۋەرسىڭىز مېھماننى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلارغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈۋالىسىز.

4. ئۇلارنىڭ ئايرىم پاراڭلىشىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش

جورىڭىزنىڭ دوستى بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ چاي - پاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ياكى پاراڭ ئارىلىقىدا بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ جورىڭىز بىلەن دوستىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم پاراڭلىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ چىقىپ كېتىش. بۇنداق بولغاندا ئۆزىڭىزمۇ بىر خىل قورۇنۇش ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىز، جورىڭىز بىلەن مېھمانمۇ كەڭ - كۇشادە مۇڭدىشالايدۇ. بۇ ھال ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق.

5. ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئىشىكتە چىك ساقلاش

مېھماننى جورىڭىز بىلەن بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇش. ئەگەر مېھماننىڭ ئۆيىڭىزگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى بولسا ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئىسىڭىزدە ساقلاش. بولمىسا ئۇ كىشى ئىككىنچى قېتىم سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئىسمىنى ئېسىڭىزگە ئالالماي ئوڭايسىزلىنىپ قالىسىز.

**قەيسەر ئابلىكىم** (ت)

مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل رىشىت**



# ئائىلە تۇرمۇشىدا مۇھەببەت مۇھىممۇ ياكى مەسئۇلىيەت

A كۆز قاراشتىكىلەر: ئائىلە تۇرمۇشىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل مۇھەببەت

كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا نىكاھ مۇھەببەت ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. نىكاھلىنىش ئۇسۇللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، قىز - يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدۇ، بەزىلىرى مۇھەببەتلەشمەيلا توي قىلىدۇ. بۇرۇنلاردا قىز - يىگىتلەر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ خاھىشى بويىچىلا نىكاھلىنىدىغان بولغاچقا ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ھازىرمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ خاھىشى بويىچە نىكاھلىنىدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن مۇستەھكەم بىر ئائىلە قۇرۇپ نىكاھنى باغلاپ تۇرۇشتا يەنىلا مۇھەببەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىز - يىگىتلەر نىكاھلىق بولغاندىن بالا - چاقىلىق بولۇپ، نەچچە ئون يىلنى بىللە ئۆتكۈزسە مۇھەببەت ھاسىل بولماي قالامدۇ؟ ئۇلار نىكاھلىنىپ بىر كىچىك ئائىلىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈرىدۇ، بالىلىرى ئۈچۈن ھېسابسىز ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئورتاق مەنپەئەت ۋە نىشان ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ بوران- چاپقۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش جەريانىدا ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا ھەر قانداق ھېسسىياتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا مەيلى قانداق ئۇسۇل بىلەن نىكاھلانغان بولسۇن ئەر - ئايال تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىسىلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت ھاسىل بولماي قالمايدۇ. بۇ مۇھەببەت دەسلەپكى مۇھەببەتتەك قىزغىن، ئوتلۇق، شېرىن بولمىسىمۇ، خۇددى تىنچ دېڭىز - ئوكيانلاردەك چوڭقۇر بولۇپ، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق، ئازاب، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى ئۆزىنىڭ كەڭ قوينىغا ئالالايدۇ. نىكاھنى باغلاپ تۇرالايدىغان بۇنداق مۇھەببەت پاك، ئالىيجاناب بولىدۇ. ھەر خىل سىرتقى تەسىرلەرگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ يېڭىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئادىم ياشانغاندا بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرسىلا شۇنىڭ ئۆزى ئەۋزەل دېيىشىدۇ.

بىر ئائىلىنى باشتىن - ئاخىرغىچە باشقۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان ئەر - ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىگە ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

B كۆز قاراشتىكىلەر: ئائىلە تۇرمۇشىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل مەسئۇلىيەت.

5000 يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە جۇڭگو خەلقى مۇھەببەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇھەببەتكە تايىنىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ. نىكاھنى تۇتۇپ تۇرۇشتا مۇھەببەتكە تايىنىش مۇقەررەر ئىش. لېكىن بىز بۇرۇنقى نىكاھ ئىشلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نىكاھ ئىشلىرىمىزدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

نىكاھتىن ئاجراشقۇچىلار، نىكاھتىن سىرت مۇھەببەتلەشكۈچىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. «3 - شەخس» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ كىشىلەر غەلىتە ھېس قىلمايدىغان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى قايتا چۈشىنىۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز دە مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى بىزنىڭ نىكاھقا بولغان تونۇشىمىز، چۈشىنىشىمىزنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئەلمىساقتىن بۇيان بىز نىكاھنى باغلاپ تۇرۇشتا مۇھەببەتكىلا تايىنىشقا بولىدۇ، مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، نىكاھنى باغلاپ تۇرغۇچى نەرسە - مەسئۇلىيەت. مەسئۇلىيەت - ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئايال ئەرگە بولغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن، ئەر ئايالغا بولغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى قانداق جەمئىيەت بولسۇن، مەسئۇلىيەت ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتنى باغلاپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت تۇراقسىز بولىدۇ. ئەمما مەسئۇلىيەت مۇقىم بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ. مەسئۇلىيەت ئىككى تەرەپنىڭ بەدەل بېرىشى ۋە نەتىجىگە ئېرىشىشنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مۇھەببەتتە پەقەت ئۆزىنىلا تەلەپ قويغىلى بولىدۇ. لېكىن قارشى تەرەپكە تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ.

مەسئۇلىيەت مەڭگۈ ئىككى تەرەپكە قارىتىلغان. شۇڭا نىكاھنى ھەقىقىي باغلاپ تۇرىدىغىنى مەسئۇلىيەت. بۇرۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ خاھىشى بىلەن نىكاھلانغۇچىلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ناتايىن. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر - ئايال مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىسىمۇ پەقەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچىدىنلا ئەپلەپ - سەپلەپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاجرىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

توي قىلغىنىغا 10 - 20 يىل بولغان بەزى ئەر - خوتۇنلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مەسئۇلىيەتكە تايىنىپلا بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

رىياسەتچىنىڭ باھالىشى:

نىكاھ - ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى مەڭگۈلۈك تېما. ھازىر بەزىلەر نىكاھنى باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە مۇھەببەتمۇ ياكى مەسئۇلىيەتمۇ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتالىقىنى ئايرىماق ناھايىتى تەس. بىراق، مۇشۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر قىممەتلىك بايقاش بولۇپ، نىكاھ مەسىلىسىگە بولغان چۈشىنىشنىڭ يولىنى تېخىمۇ چوڭ ئاچتى. نىكاھنىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچىدا مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەتنىڭ نىكاھقا بولغان رولى ئوخشىمايدۇ، مەلۇم مەزگىلدە مۇھەببەتنىڭ نىكاھنى باغلاپ تۇرۇش رولى زور بولسا يەنە مەلۇم مەزگىلدە مەسئۇلىيەتنىڭ رولى زور بولىدۇ.

**ئامىنە ئۇلاتايېۋا (ت)**

**مۇھەررىرى: خۇرشىدە بىلال**

# سۈنۈقنى ئائىلىدە كۈتۈش توغرىسىدا

ھەببىخان ئىبراھىم

سۇنۇق كۆپ ئۇچرايدىغان زەخىملىنىش بولۇپ، سۇنۇقنى داۋالاشتا گىپىستا قاتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرغۇچى تاختاي بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش ياكى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق سۇنغان سۆڭەكنى بىۋاسىتە پولات تاختاي ۋە پولات مىخ بىلەن مۇقىملاش، تارتىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا سۆڭەك بىلەن يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ياللۇغلانمىسىلا يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز بولىدۇ. سۆڭەكنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەڭ قىسقا بولغاندا بىر ئاي، ئۇزۇن بولغاندا يېرىم يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ئادەتتە سۇنۇق دوختۇرخانىدا جىددىي بىر تەرەپ قىلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، نورمال نورمۇشى ئەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى بىمارلار ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ خىل بىمارلارنىڭ كېسەللىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش - كەلمەسلىكى ئائىلىدىكى كۈتۈنۈشكە مۇناسىۋەتلىك. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلاردا قوشۇمچە كېسەللىكلەر كۆپرەك بولىدۇ. بۇ خىل ئاسارەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق بىمارلارنى ئائىلىدە كۈتۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

ئادەتتە سۇنۇقلارنى دوختۇرخانىدا جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن بالنىستىدا بىر نەچچە كۈن يېتىپ كۆزىتىپ بېقىش لازىم. زەخىملەنگەن ئورۇننىڭ ئىششىغان - ئىششىمىغانلىقىغا، پۇت - قوللار سۇنغان بولسا پۇت - قول بارماقلىرىنىڭ كۆكىرىپ قالغان - قالمىغانلىقىغا، گىپىسقا ئېلىنغان ياكى مۇقىملاشتۇرۇلغان پۇت - قول بارماقلىرىنىڭ سېزىمىنىڭ، ھەرىكىتىنىڭ نورمال ياكى نورمالسىزلىقىغا ھەمدە يەرلىك ئورۇننىڭ قان ئايلىنىشىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر تېرىدە سۇلۇق ئىششىق بولغان، داۋاملىق قاتتىق ئاغرىغان، پۇت - قول ھەرىكىتى نورمالسىز، پۇت - قول بارماقلىرى كۆكىرىپ قالغان ئەھۋاللار سېزىلسە مۇقىملاشتۇرۇلغان ئورۇننى دەرھال بوشىتىۋېتىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا نىكروزلىنىش پەيدا بولىدۇ. يارا ئېغىزىنىڭ داۋاملىق ئاغرىشى، سۇنغان ئورۇننىڭ داۋاملىق قىزىرىپ ئىششىشى ۋە قىزىتما پەيدا بولۇشى يارا ئېغىزىنىڭ يۇقۇملانغانلىقىنىڭ بەلگىسى. شۇڭا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تېببىي خادىملارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى لازىم.

گىپىس بىلەن قاتۇرۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلغان سۆڭەك سۇنۇقلىرىنى گىپىس رەسمىي قېتىپ بولمايلا يۆتكىمەسلىك لازىم. چۈنكى گىپىسنىڭ تولۇق قېتىشىپ كېتىشى ئۈچۈن ئادەتتە 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا يۆتكەش جەريانىدا رەسمىي قېتىشىپ كەتكەن گىپىسنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش لازىم. ئەگەر گىپىسنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتسە، سۇنغان سۆڭەكلەر خاتا تۇتۇپ قېلىشى ياكى شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشى، يۇمشاق توقۇلمىلار بېسىلىپ، نىكروزلىنىشى ياكى قان ئايلىنىشقا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا بۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

گىپىسقا ئالغان ياكى ياغاچ تاختىلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان ئاغرىقلارنىڭ كۈتۈنۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ۋاقىت ئۇزارغانچە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق. بەك قىچىشىپ چىدىيالماي قالغاندا مۇقىملاشتۇرۇلغان ئورۇندىكى تېرىنى قاشلاش ئۈچۈن قاتتىق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ تېرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىمارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ تۇققۇز كۆز، يانپاش قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئېشىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇۋۇلاپ بېرىش ياكى ئاستىنى قۇرۇقداپ تۇرۇش ھەمدە ئاستىغا سېلىنغان كۆرپە - ئەدىياللارنىڭ قاتلىشىپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

# مېڭىنى كۆپ ئىشلىتىش ئورۇقلاشقا پايدىلىق

تۇرسۇنئاي ئەمەت

مېڭىنى كۆپ ئىشلەتكەندە ئادەم كۆرۈنەرلىك ئورۇقلايدۇ. چۈنكى مەيلى قايسى توقۇلما بولسۇن ماس ھالدا ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئېنېرگىيىنىڭ مەنبەئى ئورگانىزمدىكى مايدىن كېلىدۇ.

چوڭ مېڭە توقۇلمىلىرى ئىشلىگەن ۋاقتىدا سەرپ قىلىنىدىغان ئېنېرگىيە ـ ماي تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسىل، ۋىتامىن، شېكەر قاتارلىقلارمۇ تەڭ خورايدۇ.

چوڭ مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مايدىن تۈزۈلگەن. ھايۋاناتلار چوڭ مېڭىسىنىڭ رەڭگى ئاق، تەركىبى مايلىق بولىدۇ. مېڭىنى كۆپ ئىشلەتكەنسېرى ماينىڭ خورىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مېڭە كۆپ ئىشلىتىلسە، چوڭ مېڭىدىكى مايلار شۇنچە كۆپ خورايدۇ. پۈتۈن بەدەننىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا زاپاس ساقلىنىۋاتقان ماي پارچىلىنىپ، چوڭ مېڭىگە توشۇلۇپ كېلىپ سەرپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مايلىق يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق چەكلەش قوشۇلۇپ كەلسە ئورۇقلاش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

مۇھەررىرى: خۇرشىدە بىلال

## ئەرلەرنىڭ چوڭ مېڭىسى ئاياللارنىڭكىدىن بۇرۇن يىگىلەيدۇ

**تۇرسۇنئاي ئەمەت**

يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەرلەرنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ يىگىلەش سۈرئىتى ئاياللارنىڭكىدىن تېز بولىدىكەن. ئامېرىكا خىڭلى فۇد دوختۇرخانىسىنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرى ئىلغار تېخنىكا بىلەن ئەر - ئاياللارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى سايە چۈشۈرۈپ رەسىمگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق چوڭ مېڭىنىڭ ماڭلاي ۋە تاڭلاي بۆلىكىنىڭ يىگىلەش ئەھۋالى ئەڭ روشەن بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. چوڭ مېڭىنىڭ ماڭلاي بۆلىكى پىكىر يۈرگۈزۈش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى كونترول قىلىدىغان ئاساسىي ئورۇن.

ئەرلەر 65 ـ 95 ياش ئەتراپىدا چوڭ مېڭە ئەتراپىدىكى مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %30 كۆپىيىدۇ. مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقىنىڭ كۆپەيگەنلىكى چوڭ مېڭىنىڭ يىگىلەشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ياشتىكى ئاياللارنىڭ مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى %1 بولىدۇ.

مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن 30 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ھەر 10 يىلدا تەخمىنەن %2.5 مېڭە ماددىلىرىنى يوقىتىدۇ. ئەرلەردە مېڭە يىگىلەشنىڭ ئاياللارنىڭكىدىن تېز بولۇشىنى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە ئاياللار مېڭىسىنىڭ يىگىلىشى يېنىك بولسىمۇ، بىراق ئاياللار ئۇنتۇغاقلىق، گاڭگىراش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بېرىشى، ئەرلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئوڭاي قوبۇل قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## مېڭە تىقلىمىسى ۋە يۈرەك مۇسكۇل تىقلىمىسى نېمە ئۈچۈن سەھەردە يۈز بېرىدۇ

**ھامۇت توختى**

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە: سەھەردە مېڭە تىقلىمىسى ۋە يۈرەك مۇسكۇل تىقلىمىسى ئاسان پەيدا بولىدىكەن. بۇ سەھەردە ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىنكى بەدەن ۋە يۈرەكنىڭ جىددىيلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن باشقا يەنە ئارتېرىيە بېسىمى، قان شىرنىسى، قان برو توگىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ياپونىيىلىك ئالىم كوبوتا بۇ ئەھۋالنى سەھەردە قان ھۇجەيرىسى ھەجمى ۋە قاننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلاپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

تەتقىقاتچىلار تاماكا چەكمەيدىغان ھەم قان بېسىمى نورمال بولغان 30 نەپەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنى تەكشۈرگەندە، 15نەپەر كىشىدە ئۈچ ئاي بۇرۇن مېڭە تىقلىمىسى تارىخى بارلىقى بايقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 10 نەپەر كىشىدە تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا مېڭە سەكتىسى پەيدا بولغان.

دورا بىلەن داۋالىنىپ باقمىغان، بىر خىللا تۇرمۇش شەكلىدە ياشاۋاتقان 30 نەپەر ئادەمنىڭ قان ھۇجەيرە ھەجمى ۋە قاننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسىنى 24 سائەت ئىچىدە، ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم تەكشۈرگەندە، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىكى قان ھۇجەيرىسى ھەجمى ۋە قاننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان. بولۇپمۇ ئەرلەردە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلەنگەن.

ئامېرىكىلىق ئالىم ۋۇت، بۇ خىلدىكى كۆزىتىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. كەچتە ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا بۆرەك شارچىلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىق قان شىرنىسىنى يوقىتىپ، قان قويۇقلۇقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سەھەر ۋاقتىدا قان ھۇجەيرىسىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى داۋاملىق ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېرىم كېچىدە ئورۇندىن تۇرۇپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭدا قان قويۇقلۇق، قان ھۇجەيرىسى ھەجمى ئېشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم.

مۇھەررىرى: خۇرشىدە بىلال

# تۇز ئىشلىتىشتىكى ئادەتتىكى ساۋاتلار

△ ئانا سۈتى بىلەن كالا سۈتى تەركىبىدىكى ناترىي بىر يېرىم ياشقىچە بولغان باللارنىڭ تۇزلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغاچقا ئۇلارنىڭ قوشۇمچە بېرىلىدىغان تاماقىغا تۇز سېلىش ھاجەتسىز.

△ ئاياللار ھامىلدار بولۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن، ھامىلدارلىق سۇلۇق ئىششىقى پەيدا بولىدۇ. بۇ ھامىلىنىڭ چوڭىيىشى ۋە باش سۆيىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بالىياتقۇ پۇت تەرەپتىكى قان تومۇرلارنى بېسىۋالغاچقا، قاننىڭ راۋان ئايلىنالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۆرەك ۋە يۈرەك كېسەللىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سۇلۇق ئىششىقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھامىلدار ئاياللارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە بۆرەكنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىش ئىقتىدارىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئەگەر يېمەكلىك تەركىبىدە تۇز كەمچىل بولسا، ئىشتەي تۇتۇلۇش، ھېرىپ - چارچاشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، ھامىلىنىڭ نورمال يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا فىزىئولوگىيىلىك سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولغان ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇزنى چەكلىشى ھاجەتسىز.

△ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قويۇق تۇز سۈيى بىلەن چىشنى چوتكىلاپ بەرسە، چىشنى ئاقارتىپ، قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

△ كۈندە ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر ئىستاكان تۇز سۈيى ئىچىپ، چۈشتە تۇز سۈيىدە ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ئېغىز پۇراشنى يوقىتىدۇ.

△ كۈندە تۇز سۈيىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، چىش قاناشنىڭ، ئېغىز بوشلۇقى ۋە كېكىرتەك ياللۇغلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مىكروب ئۆلتۈرىدۇ.

△ دائىم تۇز سۈيىدە پۇتنى يۇيۇپ بەرسە، پۇت تەمرەتكىسىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

△ سۆرنى ھەمىشە قىزىرىپ تۇرىدىغانلار تۇزنى بىر نەچچە قېتىم سۈرتۈپ بەرسە، قىزىللىق يوقايدۇ.

△ ئەتىگەندە بىر ئىستاكان تۇز سۈيى ئىچىۋەتسە، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

△ دائىم تۇز سۈيى بىلەن چاچنى يۇيۇپ بەرسە، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

△ سوغۇق ئۆتۈپ قېلىش سەۋەبىدىن قورساق ئاغرىغاندا، تاش تۇزنى قورۇپ قىزىتقاندىن كېيىن، خالتىغا سېلىپ، قورساقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

△ قاتتىق تەرلىگەندىن كېيىن 0.5 پىرسەنتلىك تۇز سۈيىنى ئىچىۋەتسە، سەرپ قىلىنغان تۇز تولۇقلىنىپ، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

△ تاۋۇزنى كۆپ يەۋەتكەندە، قورساق كۆپۈپ ئادەم بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئازراق تۇزنى شوراپ يۇتۇۋەتسە، قورساق ئېسىكنى ئوڭشايدۇ.

△ تاش تۇزنى قورۇپ قولتۇق ئاستىغا قويۇپ بەرسە، قولتۇق پۇراشنى يوقىتىدۇ.

△ سوغۇق ئۆتۈپ قېلىپ ئاشقازان ئاغرىغاندا، 1000 گرام تاش تۇزنى 500 گرامدىن ئىككىگە بۆلۈپ، قىزىتىپ ئاشقازانغا ئالماشتۇرۇپ يېقىپ بەرسە، ئاغرىق توختايدۇ.

△ ئىچى سۈرۈپ ياكى گېمروي بولۇپ قېلىپ، مەقئەت ئاغرىغاندا تاش تۇزنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ئاغرىق توختايدۇ.

△ ھەرە چېقىۋالغان يەرگە تۇز سۈيىنى بىر نەچچە قېتىم سۈرتۈپ بەرسە، ئاسان ساقىيىدۇ.

△ تۇتۇق سۆزلەش ياكى ناخشا ئېيتىشتىن بۇرۇن ئازراق تۇز سۈيى ئىچىۋەتسە، ئاۋاز پۈتۈن قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

△ تەر سىڭىپ قالغان كىيىملەرنى 10 پىرسەنتلىك تۇز سۈيىگە بىر - ئىككى سائەت چىلاپ قويۇپ، چايقىۋەتسە ئاسان چىقىپ كېتىدۇ.

△ g 50 تۇزغا g 1000 سۈنى ئارىلاشتۇرۇپ قىڭراقنى 20 مىنۇت چىلىغاندىن كېيىن، شۇ سۇدا بىلىسە، تېخىمۇ ئىتتىك بولىدۇ.

△ يېڭى ئالغان ساپال بۇيۇملارنى تۇز سۈيىدە 15 مىنۇت قايناتقاندىن كېيىن ئىشلەتسە، ئۇزۇنغىچە چىدايدۇ.

△ شاپتۇل يۇغاندا، سۇغا ئازراق تۇز سېلىۋەتسە ئاسان يۇغىلى بولىدۇ.

△ يېڭى سىرلىغان ئۆيگە ئىككى داس تۇز سۈيى قويۇپ قويسا، سىر پۇرىقىنى يوقىتىدۇ.

△ چىنە - قاچىلاردىكى چاي دېغىنى تۇز بىلەن يۇيغاندا ئاسان چىقىپ كېتىدۇ.

△ سۈت بوتۇلكىسىغا يېرىم قوشۇق تۇز سېلىپ يۇسا، سۈت داغلىرى ئاسان چىقىپ كېتىدۇ.

△ يېڭى ئالغان چىش چوتكىسىنى ئىلمان تۇز سۈيىگە 30 مىنۇت چىلىغاندىن كېيىن ئىشلەتسە، ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

△ كىيىملەرگە قان يۇقۇپ قالغاندا ئاۋۋال سۇغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن قان بار يەرگە ئازراق تۇز سېپىۋېتىپ ئۈچ - تۆت مىنۇتتىن كېيىن سوپۇن سۈرۈپ يۇيۇۋەتسە، ئاسان چىقىپ كېتىدۇ.

△ ئېھتىياتسىزلىقتىن ماي بەك قىزىپ كېتىپ قازانغا ئوت كەتكەندە، ئازراق تۇز سېلىۋەتسە ئۆچىدۇ.

△ يېڭى ئۈزگەن گۈلنى تۇز سۈيىگە چىلاپ قويسا ياكى گۈلگە تۇز سۈيى سەپسە، ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ.

△ بېلىق تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، قولنى تۇز بىلەن سۈرتىۋېتىپ يۇيسا، بېلىق پۇرىقى يوقايدۇ.

△ ئاسان ئۆڭىدىغان كىيىملەرنى بەش پىرسەنتلىك ئىلمان تۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇپ يۇيسا ئۆڭمەيدۇ.

△ سەي ياكى شورپا تۇزلۇق بولۇپ قالسا، كىچىك خالتىغا ئازراق ئۇن ياكى گۈرۈچ سېلىپ، قازانغا سېلىپ قويسا تەمنى تەڭشەيدۇ.

△ ئۇزۇن مەزگىل كۆپ مىقداردا تۇز ئىستېمال قىلغاندا بۆرەكنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۆرەكنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىر قىسىم بىمارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەدەندىكى تۇز مىقدارى ئېشىپ كەتسە، سۇلۇق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا يۈرەك قان بېسىم، تاجسىمان يۈرەك كېسىلى، ئاشقازان راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج سەۋەبىدىن، ھەر بىر ئادەم كۈنىگە بەش گرام ئەتراپىدا تۇز ئىستېمال قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**باھارگۈل ساتتار (ت)**

**مۇھەررىرى: زۇلھايات ئەبەيدۇللا**

# سالامەتلىككە پايدىلىق ناچار ئادەتلەر

كۆندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر تەبىئىي ھالدا بەزى «نۇقسانلار»دىن ساقلىنالمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى سالامەتلىكنىڭ ياخشى دورىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا پايدىلىقتۇر.

△ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىش: ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەش قالايمىقان كەيپىياتنى تەگشەپ، تىنچلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. جىددىيلىشىپ چارچىغاندا نېمىنى دېگۈسى كەلسە شۇنى دەپ، قانداق سۆزلىگۈسى كەلسە، شۇنداق سۆزلىسە كىشىلەرگە كۆڭۈل ئازادىلىك بېغىشلايدۇ.

△ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىش: ناخشا ئېيتقۇسى كەلگەندە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتىش كېرەك. ناخشا ئېيتىش ئادەمنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىلىرى ۋە مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ رولى سۇ ئۈزۈش، كېمە ھەيدەش قاتارلىق چېنىقىشلاردىن قېلىشمايدۇ.

△ ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش: تىببىي ئالىملار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ غىزالىنىش ھالىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆرە تۇرۇپ غىزالىنىشنىڭ ئەڭ ئىلمىي غىزالىنىش شەكلى ئىكەنلىكىنى، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىشنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندا پۇت ۋە قورساق قىسمى بېسىمغا، قاننىڭ ئېقىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، يۈرەككە قايتىدىغان قان مىقدارى ئازىيىپ، ئاشقازاننىڭ قان سۈيۈقلۇقى بىلەن تەمىنلىنىشكە تەسىر يېتىدىكەن.

△ تاماقتىن بۇرۇن سۇيۇق - سەلەڭ ئىچىش: تاماقتىن ئاۋۋال ئاز مىقداردا سۇيۇق - سەلەڭ ئىچسە، پائالىيەت قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلىق ھەرىكىتى قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ - دە، پۈتكۈل ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ئىشقا سېلىنىپ، ھەزىم قىلىش بېزى ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقىنى تولۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

△ دائىم كېرىلىپ بېرىش: كېرىلىش بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېرىلىش ھەرىكىتىنى بىر نەچچە سېكۇنت داۋاملاشتۇرغاندا ئېشىپ قالغان قان سۇيۇقلۇقى يۈرەككە قايتىپ كېلىپ، قاننىڭ ئايلىنىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ، مۇسكۇلنى تارايتىش ۋە كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇسكۇلنىڭ ئۆزىدىكى قاننىڭ ئېقىشىنى ئاشۇرۇپ، مۇسكۇل ئىچىدىكى بەزى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ، ھارغىنلىقنى يوقىتىدۇ.

**نىجات يۈسۈپ** (ت)

# تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا

△ نەرسە يېيىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى 36 - 42 گرادۇسقىچە بولۇپ، قىش پەسلىدە ئۇزۇقلۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 65 گرادۇسقا كۆتۈرۈپ، ياز پەسلىدە 15 گرادۇسقا چۈشۈرسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

△ ئادەم بەدىنى 18 _ 22 گرادۇسلۇق مۇھىت ئىچىدە ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ.

△ يۇيۇنىدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 38 - 43 گرادۇسقىچە بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

△ چاي دەملەشكە ئىشلىتىدىغان قايناق سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75 _ 85 گرادۇسقىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. چاينى ئەڭ ياخشىسى 0 _ 8 گرادۇسقىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ساقلاش كېرەك.

△ ھاۋا ئىچىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى ياز پەسلىدە 0 _ 6 گرادۇسقىچە، قىش پەسلىدە 0 _ 8 گرادۇسقىچە بولسا بولىدۇ.

△ گۈرۈچ دۇملەيدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50 _60 گرادۇسقىچە بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

△ گۆشنى نۆلدىن 2 - دىن 2 گرادۇسقىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ساقلىسا ئەڭ مۇۋاپىق.

△ بېلىق گۆشىنى 1 - دىن 3 گرادۇسقىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ساقلاپ 10 _ 15 گرادۇسقىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ئېرىتسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

# توڭلاتقۇ ۋە باللاردىكى ئىچ سۈرگۈ

تىببىي ئالىملار بىردەك: توڭلاتقۇ ئىچىدە ساقلىغان بوۋاق باللار يېمەكلىكلىرىنىڭ مىكروبلانماسلىقى ناتايىن. ناۋادا باللار ئاشۇ يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە ئىستېمال قىلسا ئۇلاردا ئۈگايلا مىكروبلىنىش خاراكتېرىدىكى ئىچ سۈرۈش يۈز بېرىدۇ. بەزى ھۆل مېۋىلەرنى توڭلاتقۇدىن ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن يۇيۇۋەتمەيلا باللارغا بەرگەندە ئۇلاردا پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاق باللار سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلسا ئۇلاردا ئۈچەينىڭ تۇسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا بوۋاقلارغا توڭلاتقۇ ئىچىدىكى يېمەكلىكلەرنى قايتا قىزىتىپ ياكى دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن بېرىش كېرەك.

**ئارزۇگۈل رىشت** (ت)

مۇھەررىرى: زۇلھايات ئەبەيدۇللا

# قانداق قىلغاندا ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئەسلىدىكى گۈزەللىكنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ

ھامىلدار بولغاندىن كېيىن ئانا بىلەن ھامىلىنى باغلاپ تۇرىدىغان بالا ھەمرىيى ئاستا ـ ئاستا ئىچكى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئورگانىزملىرىغا سىڭىپ كىرگەچكە، ھامىلدار ئايالنىڭ تېنىدىكى كۆپ خىل ھورمونلار ھەر بىر سىستېما، شەكىل ۋە ئىقتىدار جەھەتتىن ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. يۈز قىسمىدا داغ پەيدا بولۇپ، قورساق كۆتۈرۈلىدۇ. بېلى ئولتۇرۇشۇپ، سەمرىيدۇ. زىلۋا، چىرايلىق پۇتلىرى تەدرىجىي يوغىناپ، يول يۈرگەندە مەيدىسى كېرىلىپ، قورسىقى تومپىيىپ چىقىدۇ. شۇنداق بولغاچقا خۇددى گۈلدەك رۇخسارى سولىشىپ، ياشلىق باھارى بىلەن خوشلاشقاندەكلا بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال ئۆزگىرىش ۋە تەسىرلەردىن ئىبارەت. بۇ مەزگىلدە ھەرگىز قايغۇرماسلىق، بەلنى بوغماسلىق، گىرىم بويۇملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلىش، سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىسىز. شۇڭلاشقا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئاسراش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

1. مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ، سەمرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش

ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئوزۇقلۇققا كاپالەتلىك قىلىشى ھامىلىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق. بىراق بۇ زىيادە كۆپ يېيىش دېگەنلىك ئەمەس. ئوزۇقلۇق مىقدارى ئېشىپ كەتسە، بەدەن ئېغىرلاپ «ھامىلدارلىقتىكى سېمىزلىك كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ھامىلىگە پايدىسىز ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. تەجرىبىلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ھامىلدار ئايالنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئەسلى ئېغىرلىقىدىن 10 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمىسىلا بوشانغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدىكەن ھەمدە بۇنىڭ ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدىكەن.

2. ئۆزىنى ئاسراش ۋە كۆتۈشنى كۈچەيتىپ، ياسىنىشقا ماھىر بولۇش

قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئايدىن كېيىن، ھامىلدار ئايالنىڭ كۆكسىگە تەدرىجىي قان تولۇپ، يوغىناپ، ئېغىرلىغاچقا، پەسكە ساڭگىلاپ، كۆكرەك قىسمىنىڭ ئەگرى سىزىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆكسى يوغىنىغانسېرى چوڭراق لىپتىك تاقاپ، كۆكسىنى كۆتۈرۈپ، ئېغىرلىقىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ، قان ئايلىنىشقا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق قىلماي مەيلىگە قويۇۋەتكەندە كېيىن ئاسانلىقچە ئەسلىگە كەلمەيدۇ. يۈز قىسمىغا ھامىلدارلىق دېغى چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇياش نۇرىنىڭ بىۋاسىتە كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىش، سىرتقا چىققاندا، كۈن نۇرىنى توسىدىغان باش كىيىملەرنى كىيىۋېلىش، ئادەتتە يۈزنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ، تېرە ئاسراش مايلىرىنى سۈرۈش، ئۇپا سۈرمەسلىك، ھەر خىل فىزىكىلىق ھەم خىمىيىلىك ئامىللارنىڭ غىدىقلىغۇچى تەسىرىنى ئازايتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ تېرىنى ئاسراش، كۆكرەك ھەم سىرتقى جىنسىي ئەزالارنىڭ تازىلىقىنى ياخشى قىلىش لازىم.

3. مۇۋاپىق چېنىقىش

ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق چېنىقىش يەنى پىيادە يول يۈرۈش، گىمناستىكا ئويناش كېرەك. ھەرىكەت مىقدارى ھارغىنلىق ھېس قىلمىغۇدەك دەرىجىدە بولسا بولىدۇ. بۇ تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇشى ۋە ساغلاملىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق. كۆكسىنىڭ ساغلام ۋە گۈزەل بولۇشى ئۈچۈن، قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن كۆكرەك مۇسكۇلىنى چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ئۇسۇلى: ئىككى قولنى ئالدىغا سوزۇپ، ئالقانىنى جۈپلەپ، كۈچ بىلەن پەسكە بېسىش. بۇ خىل ھەرىكەتنى ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

ھامىلدارلىق مەزگىلى ـ ئاياللارنىڭ ھاياتلىق گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان دەۋر بولۇپ، ئۆزىگە تۈشلۈق يارىشىملىقى بولىدۇ. بوشانغاندىن كېيىن، ئىچكى ھورمون، بەدەن فىزىئولوگىيىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ. ھامىلدار ئايال قانچە ياش، چېنىقىشى قانچە ياخشى بولسا، ئەسلىگە كېلىشىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

**ئاتىكەم** (ت)

**مۇھەررىرى: باھارگۈل ساتتار**

# ھەيز مەزگىلىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1. تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ

تۇزنى بەك كۆپ ئىستېمال قىلغاندا، بەدەندە ساقلىنىۋاتقان تۇز ۋە سۇ مىقدارى ئېشىپ كېتىپ، ھەيز كېلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى باش ئاغرىش، ئاسان ھاياجانلىنىش ۋە ئاچچىقلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ھەيز كېلىشتىن ئون كۈن بۇرۇن تۇز مىقدارى تۆۋەن بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

2. قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچىشكە بولمايدۇ

قېنىق دەملەنگەن چاينىڭ تەركىبىدە كافېي ئىشقارى مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا، نېرۋا سىستېمىسى ۋە يۈرەك قان تومۇرلىرىنى غىدىقلاپ ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھەيز ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىش ۋە ھەيز مىقدارى كۆپ بولۇش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا قېنىق دەملەنگەن چاي تەركىبىدىكى تاننىن كىسلاتاسى (鞣酸) ئۈچەي ۋە يېمەكلىك تەركىبىدىكى تۆمۈر ماددىسى بىلەن بىرىكىپ چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. تۆمۈر ماددىسىنىڭ شۈمۈرلۈشى توسالغۇغا ئۇچراپ، تۆمۈر ماددىسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان قان ئازلىق كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

3. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بولمايدۇ

ھەيز مەزگىلىدە بالىياتقۇ ئىچكى توقۇلمىلىرى تۆكۈلۈپ چۈشۈپ، بالىياتقۇ دىۋارى نېپىزلىشىپ، ئاسان يارىلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا، مىكروبلار بالىياتقۇغا كىرىپ كېتىپ، بالىياتقۇ ئىچى يۇقۇملىنىپ، قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغلىنىش، داس سۆڭەك ئىچى يۇقۇملىنىپ ياللۇغلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. ۋاننىدا يۇيۇنۇشقا بولمايدۇ

ھەيز مەزگىلىدە بالىياتقۇنىڭ ئېغىزى سەل ئېچىلىدۇ. ۋانندا يۇيۇنغاندا، پاسكىنا سۇ بالىياتقۇ ئىچىگە كىرىپ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ ياللۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئەزانىڭ سىرتقى تازىلىقى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا دۇشتا يۇيۇنۇش ئەڭ مۇۋاپىق.

5. بەك تار ئىشتان كىيىشكە بولمايدۇ

ھەيز مەزگىلىدە ئېغى، بېلى بەك تار ئىشتان كىيگەندە، شۇ ئەتراپتىكى قىل قان تومۇرلار بېسىمغا ئۇچراپ، قان ئايلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇنداقلا جىنسىي ئەزانىڭ سۈركىلىشى كۈچىيىپ، ناھايىتى ئاسانلا قانلىق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر تازىلىققا دىققەت قىلمىغاندا، سۈيدۈك يولى، كۆپىيىش ئەزالىرى سىستېمىسى مىكروبلىنىپ، كېسەللىك پەيدا بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

6. يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا بولمايدۇ

ھەيز مەزگىلىدە ئايالالارنىڭ نەپەس يولىدىكى يېپىشقاق پەردە ۋە ئاۋاز پەردىسىگە قان تولۇپ ئىششىپ قالىدۇ. يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتقاندا ياكى سۆزلەشكەندە ئاۋاز پەردە مۇسكۇللىرى ئاسانلا چارچاپ، ئاۋاز پەردىسى ئېتىلمەسلىك، ئۇنى پۈتۈپ قېلىش، ئاۋاز پەردىسى زەخىملىنىش، ھەتتا ئاۋاز پەردىسىگە مونەك گۆش ئۈنۈپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

7. دۈمبىگە مۇشتلاشقا بولمايدۇ

دۈمبە ۋە بەل قىسىملىرىغا مۇشتلىغاندا، داس بوشلۇقىغا قان تولۇپ، ھەيز قېنىنىڭ ئېقىشى تېزلىشىپ، ھەيز كۆپ كېلىش ۋە ھەيز ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەيز مەزگىلىدە پۈتۈن بەدەن ۋە يەرلىك ئورۇننىڭ قارشىلىق كۈچى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بالىياتقۇ ئىچكى توقۇلمىلىرى ئاجرىلىپ يارا پەيدا قىلىدۇ. بالىياتقۇ بوينىنىڭ ئېغىزى بوشاپ كېتىدۇ. ئەگەر داۋاملىق مۇشتلاپ بەرسە جاراھەت ئاغزىنىڭ ساقىيىشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، يەنە يۇقۇملىنىش ۋە ئايالالار كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

8. تۇغۇت يېشىدىكى ئايالالار ھەيز كېلىشتىن بۇرۇن رىنتگېندە تەكشۈرتۈشكە بولمايدۇ

تۇغۇت يېشىدىكى ئايالالار ھەيز كېلىشتىن بۇرۇن دەل تۇخۇم ئىشلەش باسقۇچىدا تۇرغاچقا رىنتگېندە تەكشۈرتكەندە تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان كىلىتكىلار ھۈجەيرىسى ۋە ئۇرۇقلىنىدىغان تۇخۇم زەخىملىنىپ، ھامىلە ياخشى يېتىلمەسلىك، غەيرىي ھامىلە، گېننىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھامىلە تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇغما غەيرىيلىك، ئەقلى قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇش، توشقان كالپۇك، يېرىق تاڭلاي بولۇش، مېڭىسى كىچىك بولۇش، پۇت - قولى مېيىپ بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

**ئايگۈل ئەخمەت (ت)**

مۇھەررىرى: **باھارگۈل ساتتار**

## «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇڭ!

### ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«مىراس» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرى بولغان ئەفسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قىسسە ـ داستان، قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، مەسەل، لەتىپە، كۈلدۈرگە ـ چاقچاق، تېپىشماق، سۆز ئويۇنلىرى، خەلق تىبابەتچىلىكى، ئاسترونوم ـ مۇنەججىملىك، ھەر خىل روھ ۋە قىيابەت چۈشەنچىلىرى، ھېكمەتلەر ھەمدە خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە، ئۆرپ ـ ئادىتىگە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي يىلتىزىغا ئائىت تەتقىقاتلار، ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئاجايىپ ـ غارايىباتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىباھا گۆھەرلەردۇر. «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق بولۇپ، يىلدا ئالتە سان نەشر قىلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، يىگىتلەرگە غۇرۇر، قىزلارغا ھايا بېغىشلايدۇ.

دوستۇم، «مىراس » ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ! ئۇ روھىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ، ھارغىنلىقىڭىزنى چىقىرىپ، بىلىم دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ.

بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق سانلارغا مۇشتىرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى: 3.00 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى: 9.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 18.00 يۈەن.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

## بىمارلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگان تەسىس قىلغان «بوغدا ئامبولاتورىيىسى» تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەرخىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك، سىيلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بـۇ ئامبولاتورىيە يەنە پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، خەتنە ئوپېراتسىيىسى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ ئامبولاتورىيە كەڭ بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 153 ـ قورۇ. (1ـ يول، 101 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ سەنشىخاڭزا بېكەتتە چۈشۈپ رابىيە قادىر بىناسىنىڭ ئالدىدىن سەھىيە نازارىتى تەرەپكە قاراپ 300 m ماڭسىڭىز بولىدۇ).

تېلېفون نومۇرى: 2306919

ئالاقىلاشقۇچى: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر

«شىنجاڭ ئاياللىرى» رېداكسىيىسى نەشر قىلدى
«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 42 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون: 2823886
باھاسى 1.80 يۈەن. ۋاكالەت نومۇرى (8 ـ 58)
دۆلەتلىك نومۇرى CN65 — 1053 / Z

# ھەر مىللەت خوتۇن- قىزلىرى













ئامىنە ئۆلاتايېۋا،

فاتىخ شەرىف،

لى جىژتىڭ فوتوسى



